


5

1991

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANG CIVILIZATION



سەنئەت غۇنچىسى

تۇردى ئىلى فوتوسى

بوچتىخانا 5492 نۇسخا
ئۆزى تارقاتقىنى 40 نۇسخا
ئۇيۇشما تارقاتقىنى 200 نۇسخا

شىنجاڭ مەدەنىيىتى
قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
40-يىل نەشرى
1991-يىل 5-سان (ئومۇمىي 192-سان)

# بوستاندا

## مۇھاكىمە

ئۇسلۇب ئىستېتىكىمىزنىڭ دەردى ۋە ئامالى ........ ئەنۋەر توختى

## ئەدەبىيات گۈلزارى

تۇمان ........ (پوۋېست) ........ سەبرى 11

## تارىختىن سۆز

ئەلشىر نەۋائىينىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا تۇتقان ئورنى ........ ئا. مۇھەممەتئىمىن 55

## ئەخلاق - ئادەم زىننىتى

«ئەدەب بوستانلىرى» (ياخشى ئەدەبلەر) دىن پارچىلار ........ مۇھەممەد سادىق قەشقەرى 73

## خەتتاتلار مۇنبىرى

ھۆسنىخەتلەر ........ ئىبراھىم مۇھەممەت يازغان 80

مۇقاۋىدا: بالىجانلىق ئۆي (ماي بوياق) ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان.
رەسسام ۋە خەتتات: ئىسمائىل ئىبراھىم (تەكلىپ قىلىنغان). گۈزەل سەنئەت تەھرىرى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى)
مەسئۇل مۇھەررىر: ساتتار توختى (تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى)

# ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ دەردى ۋە ئامالى





## — مىللىي ئەنئەنىۋى ئۇسسۇلىمىز بىلەن زامانىۋى سەنئەت پىكىر ئېقىمى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت

ئەنۋەر توختى

ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ۋە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تەڭ گۈدەكلىك، ياشلىق دەۋرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھازىر ئۆزىنى توختاتقان باسقۇچقا كېلىپ يەتتى. ئىنسانلارنىڭ شاد - خۇراملىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئىپتىدائىي، ئەڭ ئاددىي سەنئەتلىرىنىڭ بىرى بولغان ئۇسسۇل سەنئىتىمىز پۇت - قولنى ئوينىتىدىغان ھەرىكەتلەردىن تەرەققىي قىلىپ تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى دوراي-



دىغان جىسمانىي تىلغا، جىسمانىي تىلىدىن تەرەققىي قىلىپ تۈرلۈك ھەرىكەتلەرگە كۆچتى؛ مەيلىگە قويۇپ بېرىلىدىغان قوپال ھەرىكەت دەرىجىسىدىن بەلگىلىك پەدىگە، قېلىپقا چۈشۈرۈلىدىغان بىر قەدەر يۈكسەك دەرىجىگە تەرەققىي قىلدى ۋە ناخشا، مۇزىكا، دېكلاماتسىيە، ھېسسىيات ئىپادىلىرى بىلەن بىرىكىپ، راۋاجلىنىپ، گىرەلەشكەن بىرىكمە ھالىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۇسسۇل سەنئىتى ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. بېكىنمىش ۋە ئېچىلمىش، قېتىپ قېلىش ۋە جانلىنىش مەزگىللىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. كېيىنكى چاغلاردا يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ئۇسسۇل ساھەسىدىكىلەر غەپلەتتىن ئويغىنىش دولقۇنىنى قوزغىدى. بۇ دولقۇننىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى، ئېلىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دۆلەت دەرۋازىلىرىمىز كەڭ ئېچىۋېتىلدى. غەيرىي - غەيرىي، يېڭى - يېڭى مەدەنىيەت ئامىللىرى دۇنيانىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىن قەدىمىي جۇڭخۇا زېمىنىغا گويا ئەگىز سۈيىدەك ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى، شۇ غەيرىي - غەيرىي، يېڭى - يېڭى مەدەنىيەت ئامىللىرى ئۇسسۇل سەھنىلىرىمىزگىمۇ لەرزان باھار شامallىرىنى كەلتۈر- مەكتە. دۇنياغا يۈزلىنىش دولقۇنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئۇسسۇل ساھەسىدىكى خادىملارنى شۇنداق بىر چۈشەنچىگە كەلتۈردىكى، ھازىر بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغان خىزمەتلەر ئەپلەپ- سەپلەپ، ياماپ - تۇماپ كېتىۋېرىش خىزمىتى ئەمەس، «ۋاي باردىكالا» دەپ ماختاپ-ماختىنىپ يۈرۈش ئەمەس، بەلكى غەيرىي، يېڭى مەدەنىيەت كىرىدا، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن توقۇنۇشۇپ، رىقابەتلىشىپ، ئارىلىشىپ، يەكلىنىپ، يېڭىلىنىپ، ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان شارائىتتا ئىچكى دۇنيايىمىزنىڭ تاشقى ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىملىرى بىلەن تەڭ قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقان - كېتىۋاتمىغانلىقى ئۈستىدە باش قاتۇرۇش ئىكەندۇر.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ توختىماستىن راۋاجلىنىپ بېرىشى مۇنداق ئىككى خىل ئامىلغا باغلىق: بىرى، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە غەپلەتكە قارشى كۈچلەر بىلەن غەپلەت ئوتتۇرىسىدا كۈرەش توختىمايدۇ؛ يەنە بىرى، چەتتىن كەلگەن غەيرىي مەدەنىيەت بىلەن يەرلىك مىللىي مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا كۈرەش توختىمايدۇ. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئەنە شۇنداق كۈرەشلەرنىڭ ئۇزۇن ئارا تەسىرى بىلەن جانلىنىدۇ، ئۆمۈر سۈرىدۇ، ئۆزگىرىدۇ، ئالغا چامدايدۇ. ئون يىللىق ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش نەتىجىسىدە غەيرەتكە، جاسارەتكە ئىگە بولالايمىز. يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، كۈرەشلەردە ھەم قالقان، ھەم نەيزە كۆتۈرۈپ مەيدانغا چۈشەلەيدىغان بولالايمىز. مانا بۇ - جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىدىكى ھازىرقى ھالەتنى ئىسلاھ قىلىش يولىدا ئىپادىلەۋاتقان پائالىيەتچان ئويغىنىشى!

يېڭى دەۋردە، ئۇسسۇل سەنئىتىمىز يېڭىباشتىن باش كۆتۈرۈپ بىر ئىلگىرىلەپ، بىر توختاپ، بىردەم ئالدى - كەينىگە قاراپ، بىردەم كۆزدە يۇمۇپ، ئۇزۇن يىل جاپا چېكىپ ئىلگىرىلەپ كەلمەكتە. ئۇسسۇل سەنئىتىمىز تارىختا كەم كۆرۈلىدىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، مۇشۇنداق تەرىپلەشكە ھەقلىقمىز، بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى شۇكى، ئۇسسۇل سەھنىمىزدە يەنە شۇ ئاتام ئېيتقان بايىقى شەكىل - قېلىپتىكى ئۇسسۇل ئەمەس، رېئال تۇرمۇشتىن ئېلىنىدىغان، ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى ۋە كەلمەكتە؛ ئۇسسۇل ئىجادىيىتىمىز كونا چۈشەنچە ۋە تەپەككۇر قېلىپلىرىدىن

چىقالمايدىغان ھالەتلەرنى بۇزۇپ ئۆتۈپ، يېڭىلىق يارىتىش يوللىرىنى ئىزدەپ ماڭماقتا ...

پۈتۈن مەملىكەتنى ئۇسسۇل ساھەسى بويىچە، يېڭى يەكۈن ئېقىمى قاپلاۋاتقان بىر ۋاقىتتا، ناخشا - ئۇسسۇلنىڭ كانى بولغان شىنجاڭدا ئۇسسۇل ساھەسىدە كۆرۈلمىگەن ھەتتا ئاڭلىمىغان يېڭى مەسىلىلەر بارلىققا كېلىۋاتقان بىر شارائىتتا بىز ئۇسسۇل ساھەسىنىڭ خادىملىرى ئۆز نەزەر ئېتىبارىمىزنى ۋە قەدەملىرىمىزنى توغرىلاشقا كىرىشكەن بولساقمۇ، لېكىن يەنىلا پۈتلىشىپ مۇدۇرۇپ، ھەتتا تېڭىرقاپ، دادىل - يۈرەكلىك ئىلگىرىلىيەلمەي تۇرماقتىمىز.

شىنجاڭدا 13 مىللەت ياشايمىز، بىز ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ مۇشۇ زېمىندا نەسىل سۈرۈپ ياشاپ، پارلاق مەدەنىيەت ۋە شانلىق تارىخ يارىتىپ كەلمەكتىمىز. بىز ھەر بىر مىللەت ئۆزىمىزگە خاس ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت، مول مەزمۇنلۇق ھېيت - ئايەم، مەرىكە - بايراملىرىمىز، ناخشا - ئۇسسۇل سەنئەتلىرىمىز بىلەن مەنبەسى قۇرىماس، ئايىغى ئۈزۈلمەس مول مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتماقتىمىز. بىزنىڭ بۇ خەزىنىمىز مەدەنىيەت مەنبەسىنىڭ نۇرغۇن ئىز - دېرەكچىلىرىنى يەنى ئىچكى - تاشقى تەتقىقاتچىلارنى، سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنى، سەيلە - ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا.

بۇ شانلىق تارىخىمىزنى، پارلاق مەدەنىيىتىمىزنى قانداق قىلغاندا يەنىمۇ گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ؟

ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى قانداق قىلغاندا يېڭى دەۋرنىڭ مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدە سەنئەت ئىپادىسىگە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ؟

مول ناخشا - ئۇسسۇل دېڭىزىمىزغا قانداق قىلغاندا يېڭى ھايات ئامىللىرىنى قوشۇپ، شۇنىڭ يېڭى ھايات بەخش سەنئەت جەۋھەرلىرى بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ؟

بۇلار بىزنىڭ باش قاتۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدىغان ۋە تەلەپ قىلىۋاتقان مەسىلىلەردۇر. مەسىلىگە قاراش نۇقتىلىرىمىز ئوخشاش بولمىغانلىقى، يەكۈن قىلىش - باش قاتۇرۇش ئۇسۇللىرىمىز ھەر خىل بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر خىل قاراش ۋە تۈرلۈك پوزىتسىيە پەيدا بولۇپ، بىزنىڭ ساھەمىزدە - ئۇسسۇل ساھەسىدە «پەشتىنى تارتىپ تۇرۇپ يول قويۇش» ھادىسىسى يۈز بەرمەكتە.

بىرەر ھادىسە ئۈستىدە تەھلىل ۋە تەتقىق قىلغاندا، ھەر كىم ھەر نېمە دېيىش مۇمكىن، بۇ يەردە كەينى پەقەت ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىدىن يارىتىش مەسىلىسىدىلا، يەنى مۇنازىرىسى توختىماي داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان مۇشۇ ئەنئەنىۋى كونا مەسىلىدىن باشلايدىغان بولساق، مۇنداق مەسىلىلەرنى بايقاش مۇمكىن:

بەزىلەر مۇنداق قارايدۇ: ئەنئەنىۋى ئۇسسۇل بولسا، ئاتا - بوۋىمىزدىن مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان مىللىي سەنئەت، ئاممىۋى ئاساسى چوڭ ھەم كەڭ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدە مىللىي خۇسۇسىيىتى بىلەن دۇنيانى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇپ كەلمەكتە؛ ھازىرقى ھەممىدىن مۇھىم مەسىلە - ئۇنى تىرىشىپ قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ئەيدان ۋارىسلىق قىلىش؛ ئەنئەنىمىزگە ئەيدان ۋارىسلىق قىلالمىساق، يېڭىنى يارىتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس؛ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلالماستىن تۇرۇپ راۋاجلاندۇرىمىز دېگەن گەپ خۇددى مەنبەسى يوق سۇغا، يىلتىزى يوق دەرەخكە ئوخشاش بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ . . .

يەنە بەزىلەر مۇنداق قارايدۇ: ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسسۇل ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان

«قىلىپ» ئەمەس، بەلكى داۋاملىق راۋاجلىنىپ تۇرىدىغان ھەرىكەتچان بىر نەرسە؛ زاماننىڭ چەرقى ئايلىنىپ تۇرغانچە، ئىنسانىيەت مەرىپەتتە تىنماي ئالغا چامداپ تۇرغانچە ۋە يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغانچە، ئەنئەنىۋى شەكىللەر ئىنسانىيەتنىڭ داۋاملىق ئۆسۈۋاتقان زوق - شەۋقىنى، يېڭى ئىستېتىك ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلاھات كېرەك، يېڭىدىن يارىتىش كېرەك . . .

خورازلار باز - بازغا چۈشمەكتە، يېڭى نەزەرىيە ۋە يېڭى قاراشلارنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇلارنى غەيرەت - جاسارەت مەنبەسى، پەرۋاز قىلىش قانىتى قىلىۋالغان بەزى سەنئەت خادىملىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىدە كىشىنى دەڭ - تاڭ قالدۇرغىدەك ۋە قايىل قىلغۇدەك يېڭى تەسەۋۋۇر، يېڭى ئۇسلۇب - پەدە ۋە يېڭى ئوبرازلارنى ئوتتۇرىغا چىقارماقتا. ئەنئەنە دېگەن ئۇقۇمىنى چالا چۈشىنىدىغانلىقى سەۋەبىدىن، قارىماققا مۇتلەق توغرىدەك كۆرۈنىدىغان، ماھىيەتتە نۇقساندىن خالىي بولالمىغان كونا ئەقىدە، قاراش ۋە نەزەرىيەلەرگە مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭمۇ، باشقىلارنىڭمۇ پۇت - قولىنى باغلاپ چۈشەپ قويىدىغان «دوپپىز ئەگىلىرى» مۇ بازلاپ تۇرۇپتۇ.

بىزگە مەلۇم، ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش تارىخى بولىدۇ، ئۆزىگە خاس ئۆرپ - ئادەتلىرى، دىنى، مەدەنىيىتى، ئەخلاق-يوسۇنلىرى، تىل-يېزىقى بولىدۇ، بۇلار شۇ مىللەتنىڭ ئۇسلۇب سەنئىتىنىڭ پەيدا بولۇشىدا، ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ، بۇ ئەھۋالغا ئېتىبارسىز قاراش مۇمكىن ئەمەس. گەپ شۇ يەردىكى، مىللەتنىڭ ئۇسلۇب سەنئىتىنى بېكىك ھالەتتە تۇرۇپ قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. يېڭى ۋە ياش ھەم يات نوتا ئۇلانمىغان مېۋىلىك دەرەخ ھەر قاچان ياۋا مېۋىدىن باشقا ھوسۇل بېرەلمەيدۇ، مىللىي مەدەنىيەت-سەنئەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن باشقىلاردىن ئىبرەت-ئۈلگە ئېلىش، باشقىلارنىڭ نوتىلىرىنى-ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىش، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزنىڭكىنى بېيىتىش، راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنداق قىلغاندا قىرتاق بولۇپ قېلىشتىن، قورۇلۇپ-يېگىلەپ قېلىشتىن، قاتاردىن قېلىشتىن ساقلىنىش مۇمكىن. بىزنىڭ ئۇسلۇب سەنئىتىمىز بىر مەزگىل جانلىنالماي، راۋاج تاپالماي قالدى، پەيزى ئۆچتى، بۇ ئەھۋال ئىدىيە جەھەتتىكى «پەشتىن تارتىپ تۇرۇپ يول قويۇش» بىلەن، ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان دۇنيادىن بىخەۋەر - بېكىك ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىمىز بىلەن، تار ۋە نادانلىقىمىز بىلەن، مەدەنىيەت جەھەتتە باردى-كەلدى، ئالغۇ-بەرگۈ مۇناسىۋىتىمىزنىڭ كەم بولغانلىقى بىلەن، ھېس-تۇيغۇ جەھەتتە جۇشقۇنسىز ھالەتتە تۇرۇپ قالغانلىقىمىز ۋە تەپەككۇر جەھەتتە ئېرىنچەك - يالقاۋلىققا ئادەتلىنىپ قالغانلىقىمىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئەمەس.

«ئەنئەنىمىزگە ئوبدان ۋارىسلىق قىلماي تۇرۇپ قانداقمۇ تەرەققىي قىلدۇرغىلى ۋە يېڭىلىق ياراتقىلى بولسۇن؟!» - بۇ گەپ قارىماققا توغرىدەك ئاڭلىنىدۇ. لېكىن زېھنىمىز بىلەن ئويلاپ قارايدىغان بولساق، ئەنئەنىگە زادى قانداق ئادەم قاچان تولۇق ۋە ئوبدان ۋارىسلىق قىلىپ بولالايدىكەن؟ دېگەن سوئال كېلىپ چىقىدۇ. ئاتا-بوۋىمىزنىڭ جاپا چېكىپ ياراتقان نەتىجىلىرىدىن بىز بەھرى ئېلىۋاتىمىز؛ يەنە بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزمۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈنلەردە قىلغان-ئەتكەنلىرىمىز ئۈستىدە مۇھاكىمە

يۈرگۈزمەي قالماس، دېمەك بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەمگەكلىرىمىزنى ئەتە، ئۈچۈن ئەۋلادلار ئەمەس دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ بەزىبىر ئەخمىقانە كۆز قاراشلارنىڭ بەزى چاغلاردا كەلك ئېچىۋېتىلگەن يولدىكى توساق دەرۋازىغا ئايلىنىپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلىشىمىز لازىم. گەپنىڭ لوندىسىنى ئېيتقاندا، سەنئەت جەھەتتىكى «ئەنئەنە» دېگەن ئۇقۇمنى «يېڭىلىق» دېگەن ئۇقۇم بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەتسىز، يەككە-يەككە بىر نەرسە دەپ چۈشەنمەسلىكىمىز لازىم. چۈنكى بۇ ئىككى ئۇقۇم ھەر بىر جەمئىيەت، ھەر بىر مىللەت ۋە ھەر بىر دەۋرنىڭ سەنئىتىدە يېڭىلىق يارىتىشىدىكى دىئالېكتىك بىرلىك جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ۋارىسلىق قىلىش دېمەك، ئەنئەنە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان ئېسىل مەدەنىيەت-سەنئەت مىراسلىرىنى قوبۇل قىلىش، ئۇلاردىن بەھرىلىنىش ۋە ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ ئىشلەش دېمەكتۇر.

ئىبرەت ۋە ئۈلگە ئېلىش دېمەك، قەدىمكى زامان ۋە ھازىرقى دەۋر تۇرمۇشى (مەيلى ئۇ ئېلىمىزنىڭ ئىچىدە بولسۇن ياكى چەت ئەلنىڭ بولسۇن) دىن ۋە سەنئەت ئەنئەنىلىرىدىن ئىبرەت ھەم ئۈلگە ئېلىش دېمەكتۇر.

راۋاجلاندۇرۇش دېمەك، مۇئەييەن ئاساستىكى كىچىكنى چوڭايتىش، ئاز بولسا كۆپەيتىش، ئاددىي بولسا مۇرەككەپلەشتۈرۈش، تۆۋەن بولسا يۇقىرىلىتىش دېمەكتۇر.

يېڭىلاش دېمەك، كونىسىدىن يېڭىسىنى يارىتىش، يوقنى بار قىلىش، كونىسىدىن يېڭىغا ئۆتۈش دېمەكتۇر.

ۋارىسلىق قىلىش بىلەن ئىبرەت ۋە ئۈلگە ئېلىش ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتتىن يەنى مەۋجۇدىيەتتە بار نەرسىلەردىن ئۆگىنىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن مەقسەت، ئەنئەنىنى ۋە دۇنيانى بىلىش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە يېڭىلاش ئىزچىل سوبيېكتىپ ئىجادچانلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، كونىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ساقلاپ قېلىپ، شاكاللىرىنى، سەلبىي ئەھمىيەتسىزلىشىپ تۇرغانلىرىنى تاشلىۋېتىپ، يېڭىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. دېمەك ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلماي، ھەممىنى باشتىن باشلايدىغان بولساق مەڭگۈ ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇرۇپ قالىمىز؛ ئىسلاھ قىلمىساق، يېڭىلىق يارىتالمىساق، ئۇ ھالدا سەنئىتىمىز يىگىلەپ قالىدۇ، دەۋرنىڭ ۋە خەلقىمىزنىڭ ئىستېتىك ئېھتىياجىنى- زوقى-شەۋقىنى قاندۇرالمايدۇ، بۇ خىلاپلىق قىلغىلى بولمايدىغان سەنئەت قانۇنىيىتى. بىزگە مىللىي ئەنئەنىۋى ئۇسسۇلنىڭ مىراسخورىلا بولۇش كۇپايە قىلمايدۇ، ھەم يارىشمايدۇ، مىللىي ئەنئەنىۋى ئۇسسۇلنى يارىتقۇچىلاردىن بولۇش تېخىمۇ زۆرۈر، ئۇنداق قىلمىساق سەنئىتىمىز كونا ئەندىزىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى ئۈلگىلەرنى تەييارلايدىغان ئىجادىيەتچىلىكنى جاھالەتكە يەم قىلىپ، غەپلەتكە باستۇرۇپ قويىمىز-دە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەتلىرىنى ئىجادچانلىقىنىڭ باشپاناھسىدىن غەپلەت بۆشۈكىگە ئايلاندۇرۇپ قويىمىز. «ئاتا-بوۋىلىرىمىزنى ئۇنتۇمايلى، ئەنئەنىمىزنى تاشلىمايلى!» دەيدىغان پەند-ئاگاھلارنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىدىن گەپ ئاچساق، ئۇ گويا ئىجادىيەت جەھەتتىكى تەشەببۇسكارلىق ئېڭىنى ۋە يېڭىلىق يارىتىش غەيرىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇشتا غايىۋانە رول ئوينايدىغان قانۇن بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ. بىزنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى خادىملىرىمىز ئەنە شۇ «قانۇن» ئىلكىدە ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىنىڭ كۆپ قىسمىنى مىللىي خۇسۇسىيەتلىك پەدىلەرنى تېپىپ، ئۇ پەدىلەرنى رەتكە سېلىپ سەھنىلەشتۈرۈشكە

سەرپ قىلدى. دۇرۇس، ئەنئەنىمىزنى شۇنداق يوللار بىلەن قەدىرلەش، ئەجدادلارنى شۇنداق ۋاسىتە بىلەن يادلاش ھەم مۇمكىن، بۇ ئەلۋەتتە ئۆز يولىدا قەدىرلەشكە تېگىشلىك روھ. لېكىن بۇنداق رەتلەنگەن ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى ئاقىۋەتتە ئاتام ئېيتقان بايىقى يەدە بويىچە بىر قېلىپتىن قۇيۇلۇپ چىققاندەك پەيزى يوق، رىۋايەت سەھنىسىدە قاتارغا ئۆتەلمەيدىغان بىر نەرسە بولۇپ چىقىشى تۇرغان گەپ. بىزنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنىڭ تارىختا «سانايى نەپىسە» دەپ ئاتىلىشىنىڭ بىر ئاساسىمۇ سەنئەتلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشتىكى ئاددىي خام ئەشيالارنى ئاددىي ھالدا، ئەينەن دورىغان ھالدا رەتلىنىشىدىن ھاسىل بولغان كۆچۈرمىدىن ئىبارەت ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن خام ئەشياغا ئۆز لايىقىدا تۈرلۈك خۇرۇچلارنى قوشۇپ، يۈكسەك سەنئەت ماھارىتى بىلەن نەپىس ئىشلەش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەن بەدىئىي ئەسەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت. ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسسۇلغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، بىزدە ئۆتمۈشتىكىلەرگىمۇ ۋارىسلىق قىلمىدىغان، ھازىرقىنىمۇ نەزەر-ئېتىباردىن قالدۇرمايدىغان، ئۆتمۈشتىكىلەرى بىلەن ھازىرقىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇپ بېيىتىدىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگۈسىنىمۇ نىشانلايدىغان باش قاتۇرۇش-ئىزدىنىش روھى كەمچىل.

ئەنئەنە جانلىق، رېئال مەۋجۇدىيەت، ئۇ مەلۇم بىر خىل ئىددىيىنىڭ تاشقى چاپىنى ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تاشلىۋېتىدىغان دېسەك تاشلىۋەتكىلى بولمىدىغان، ساقلايمەن دېسەك ساقلاپ قالغىلى بولمىدىغان نەرسە ئەمەس، ئىنسان ئۆزىنى ئەنئەنىگە قاراپ چۈشىنىدۇ، ئەنئەنىگە قاراپ ئالغا-ئىلگىرىنى ئۆزگەرتىدۇ. مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن: ئەگەر بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بىر نەچچە ئاددىي، ئىپتىدائىي ئۇسسۇل پەدىلىرى بىلەنلا قانائەت ھاسىل قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىمىغان بولسا، بىزنى پەخىرلەندۈرۈۋاتقان شۇنچە كۆپ مىراسلار نەدىن بولغان بولاتتى؟ بىزمۇ كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئالدىدا ئۆزىمىزنى يەرگە قاراتماسلىقىمىز لازىم. زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىزمۇ ئەجدادقا ئايلىنىپ قالىمىز. ئەگەر بىزمۇ ئەجدادلىرىمىز يېڭىلىق ياراتقانغا ئوخشاش يېڭىلىق يارىتالمايدىغان بولساق، يەنە بىر نەچچە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىنكى مىللىي ئۇسسۇل تارىخىمىزغا «20- ئەسىرنىڭ 80- ۋە 90- يىللىرىدا دۆلەت ۋە مىللەت ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە باراقسان تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويىدىكى، لېكىن شۇ دەۋرنىڭ ئۇسسۇل خادىملىرى غەپلەتكە چۆكۈپ، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئەجدادلىرى ياراتقان پەدە-سەنئەملەرگە دەسسەش بىلەنلا، شۇلارنى دوراش بىلەنلا بولۇپ قالغاچقا، ئۇلاردىن ئۆز دەۋرىگە خاس ئىجادىيەت قالمىغان» دېگەن باھالارنىڭ يېزىلىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس، بۇنداق ئەھۋاللار، ئەجەبا بىزگە شەرەپمۇ؟! دۇنيا ئالغا قەدەم تاشلىماقتا، مىللەت كۆكەرمەكتە، سەنئەت گۈللەنمەكتە، ئەنئەنىمۇ يېڭىلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. زامانىمىزنىڭ ئۇسسۇل خادىملىرىغا زۆرۈر بولۇپ تۇرغىنى- ئۆزلىرىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغان دۇنيا دائىرىسى ئىچىگە بەنت قىلىپلا قويماستىن، بەلكى شۇنداق بەنتلەرنى بۆسۈپ، كەلگۈسى دۇنياغا يول ئېچىش!

«يېڭىلىق يارىتىشنىلا تەكىتلەيدىكەنسىلەر، ئۇنداق بولسا مىللىي خۇسۇسىيەتنىڭ كېرىكى يوقمىكەن؟» دەيدىغان تاپا - تەنىلەر بەزى چاغلاردا مەرىپەتچىلەرگە دوقال كېلىپ قالىدۇ. «مىللىي خۇسۇسىيەت» دېگەن ئۇقۇم ماھىيەتتە مىللەتلەرنى بىر - بىرىدىن

پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان، ھەر بىر مىللەتنىڭ پەقەت ئۆز مەۋجۇدىيىتىدىكە ئۆزى ۋارىسلىق قىلىش ئارقىسىدىلا بارلىققا كەلگەن، داۋاملىق ئۇلىتۇرمىسىمۇ ئۆز - ئۆزىدىن چۈشىنىشلىك بولغان قانداشلىق ئالامەتلىرىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، ئۇيغۇرنىڭ پەرزەنتىنى ئۇيغۇرغا ئوخشايدۇ، ئوخشىتىدىغان دەپ «ياساش»نىڭ ھاجىتى يوق، ئۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت. بىز بىرەر پەدە - ئۇسۇلنى «مىللىي خۇسۇسىيەت»كە ئىگە ئىكەن دېگىنىمىزدە، مىللەتنىڭ ئۆز دائىرىسى ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئۇسۇلنىڭ ئالماشتۇرۇشنىڭ چەكلىمىلىك بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئەمەلىي ئىپتىدائىي ھەرىكەت - پەدىلىرى زاماندىن زامانغا، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئادەت تامغىسى بېسىلغان ھالدا ئەينەن ساقلىنىپ كەلگەن ۋە كېلىۋات-قانلىقىنى نەزەردە تۇتىمىز. بىزگە مەلۇم، ھەرقانداق بىر مىللەت تاشقى دۇنيادىن بىخەۋەر ۋە تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسىز - يېكىك ھالەتتە تۇرغان چاغدا شۇ مىللەتنىڭ سەنئەتكارلى-رىنىڭ تەپەككۇرىدا «مىللىي خۇسۇسىيەت» دېگەن ئۇقۇم بولمايدۇ، ئۇقۇم سۈپىتىنى ئالغان «مىللىي خۇسۇسىيەت» يېقىنقى زامانىنىڭ مەھسۇلى. مىللەت ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى تاشقى مەدەنىيەتنىڭ چوڭراق تەسىرىگە ياكى زەربىسىگە ئۇچرىغاندا، ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن «مىللىي خۇسۇسىيەت» مەسىلىسىگە دىققەت ئېتىبارىنى بېرىدۇ ۋە باش قاتۇرىدۇ. بېلىنىسكىينىڭ مۇنداق مەشھۇر سۆزى بار: «ھەر بىر مىللەتنىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتىنىڭ سىرى - ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىدە ۋە غىزا - تائاملىرىدا ئەمەس، بەلكى شەيئىلەرنى چۈشىنىشتىكى نەزەرى ۋە ئۇسۇلىدا». دېمەك، مىللەتنىڭ تەبىئىيىتى شائىرنىڭ تەبىئىيىتىگە ئوخشايدۇ، ئۇ ئۆزگەرمەس بىر نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت - ھەرىكىتىنى داۋاملىق يېڭىلاش جەريانىدا نامايان بولۇپ ۋە تاكامۇللىشىپ بارىدۇ. «مىللىي خۇسۇسىيەت» - ھەر بىر مىللەتتە تەبىئىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان مۇئەييەن بىر مەۋجۇدىيەت بولۇپ، رېئال تۇرمۇشتا ھامان ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ، يەنى شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەزى، شەيئىلەرگە قاراش ئۇسۇلى ۋە ئادەتلىرى، ھېس-تۇيغۇلىرى تۈرلۈك ۋاسىتىلەر بىلەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇسۇل سەنئىتىدە مىللىي خۇسۇسىيەتنى ئىپادىلەيمەن دەپ، ماتېرىيال تاللاشتا تار، خالتا كوچىغا كىرىپ قالماسلىق كېرەك. يەنى پەقەت مىللىي تېما (مەزمۇن)، مىللىي شەكىل، مىللىي كىيىم - كېچەك ۋە داكازالارنىلا تولۇق گەۋدىلەندۈرگەندىلا ئاندىن «مىللىي خۇسۇسىيەت»نى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ دېيىدىغان قاراشتىن ساقلىنىش كېرەك.

«قانچىكى يەرلىك - مىللىي بولسا شۇنچە دۇنياۋى بولالايدۇ» دېيىلىدىغان قاراش - «تۈرلۈك - تۈمەن ئۆزگىرىشلەرگە ئۆزگەرمەي تۇرۇپمۇ ماسلىشىش» دېيىلىدىغان نۇقتىئىنەزەرنىڭ ئوبدان مىسالى بولسا كېرەك، بۇنداق قاراش مىللىي خۇسۇسىيەت بىلەن دۇنياۋى خۇسۇسىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى بۆلەلەيدىغان باشقا نەرسە ئەمەس. جۇڭخۇا مىللەت-لىرىنىڭ بىرى بولغان خەنزۇ مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىدە ئەركەكلەر ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇشنىڭ، ئاياللار پۇتىنى تېڭىپ كىچىكلىتىشنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان «مىللىي خۇسۇسىيەت» بولمىسا كېرەك، ئەجەبا مۇشۇ نەرسىلەرنى ھەقىقەتەن «دۇنياۋى خۇسۇسىيەت»كە ئىگە دېگىلى بولامدۇ؟ بىزنىڭچە مەلۇمكى، بىر مىللەتكە خاس بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ياخشى دېگىلى بولمايدۇ. «دۇنياۋى خۇسۇسىيەت»كە ھەقىقىي ئىگە بولالايدىغان

مىللىي مەدەنىيەت كۆپ ھاللاردا دۇنيانىڭ مەدەنىيەت ئېقىمىغا قوشۇلۇپ، سىڭىشتۈرۈش، ئۈلگە ئېلىش، ھەزىم قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى مىللىي مەدەنىيەتتىن ئىبارەت. بىز «زاماننىۋى ئۇسسۇلنىڭ ئانىسى» (بۇ ماقالە ژۇرنىلىمىزنىڭ 1990 ـ يىل 6 ـ سانىغا بېرىلگەن ـ مۇھەررىردىن) دەپ تەرىپلەپ كېلىۋاتقان مەشھۇر ئامېرىكا ئۇسسۇلچىسى ئىسادورا. دۇنكان خانىم (1878 ـ 1927) 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە كلاسسىك باللېت ئۇسسۇللىرىنىڭ بارغانسېرى قاتمال، پۇچەك، ياسىما ـ دورىما، قاشاڭ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇسسۇل پەدىلىرى ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ قونچاق ئويۇنىدەك جانسىز ـ مېخانىك ۋە تەكرار بولۇپ، پەيزى كېتىپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەنئەنە رىجەللىرىدىن ناھايىتى چوڭ غەيرەت بىلەن بۆسۈپ چىقىپ، قەدىمكى يۇنان ئۇسسۇللىرىنى تەتقىق قىلغان ئاساستا «ئەركىن ئۇسسۇل»نى ئىجاد قىلىشقا كىرىشكەن. دەسلەپكى چاغلاردا ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى مەھەللىي ـ يەرلىك مىللەت خەلقىدە مەنزۇر بولمىغان. ئۇ، قەدىمكى يۇنان سەنئىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ھالدا كلاسسىك باللېت ئۇسسۇلىغا نىسبەتەن «ئەركىن ئوينىلىدىغان ئۇسسۇل»نى ئىجاد قىلغان. 1921 ـ يىلى تەكلىپكە بىنائەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ موسكۋادا ئۇسسۇل مەكتىپى تەسىس قىلىنغان. ئۇنىڭ «مارسىل پەدىسىگە»، «بېتخوۋېننىڭ 7 ـ سىمفونىيىسىگە»، «مىندورسزىننىڭ باھار پەدىسىگە»، «چايكوۋسكىينىڭ ئىسلاۋىيان مارشىغا» دېگەن پەدىلەردىكى مەشھۇر ئۇسسۇل ئىجادىيەتلىرى ۋە «مېنىڭ ئۆمرۈم» سەرلەۋھىلىك تەرجىمىھال ئەسىرى بار. لېكىن ئۇ گېرمانىيىدە ئېتىراپ قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۇسسۇللىرى ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئۇلۇغ روھىنى ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاخىرى ئامېرىكا خەلقىگە مەنزۇر بولغان ۋە ئامېرىكا ئۇسسۇل مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى دېگەن سۈپەت بىلەن دۇنياۋى ئۇسسۇللار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان، يەنى «دۇنياۋى خۇسۇسىيەت» كە ئىگە بولغان. بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىش مۇمكىنكى، ئىنسانىيەت ھېچقاچان مەلۇم بىر خىل مەدەنىيەت يارىتىمەن ۋە ئۇنى ساقلايمەن دېگەن مەقسەتنى نىشانلاپ تۇرۇپ ھەرىكەت قىلمايدۇ؛ مەدەنىيەتنىڭ قىممىتىنىمۇ ھېچقاچان ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقىلىقى بىلەنلا، مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جايى بىلەنلا ئۆلچىگىلى بولمايدۇ؛ ئەكسىچە ھەر قانداق مەدەنىيەت ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىگە لايىق تارىخىي شارائىتتا داۋاملىق تاكامۇللىشىشقا قاراپ مېڭىش جەريانىدا يارىتىلغان مېۋىسىدۇر. بۈگۈنكى دۇنيادا، مەھەللىي ـ مىللىي خۇسۇسىيەتكىلا چاپلىشىۋېلىپ، ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تەۋەررۈك بولۇپ قالغان مىراسنىڭ سايىسىدىلا تىرىكچىلىك قىلىپ تۇرۇپ، كۈندىن ـ كۈنگە يېڭى تەرەققىياتقا قاراپ كېتىۋاتقان سورۇندىن ئورۇن ئالىمىز دېيىدىغان بولساق، شۇنداق سورۇندىن ئورۇن ئالالماسلىقىمىز تۇرغان گەپ. بېكىنمە شارائىتتا ئوتتۇرىغا چىققان «مىللىي» نەرسىنىڭ «دۇنياۋى» نەرسە بولالىشى ناتايىن، ناھايىتى بولسا چەت ئەل كىشىلىرى قىزىقسىنىش خۇمارىدىن چىقىدۇ، خالاس.

«زاماننىۋى ئۇسسۇل»، «دىسكو»، «چاقماق ئۇسسۇل»لىرى ـ بۇلار غەرب مەدەنىيىتى بولغىنى ھالدا قارا تەنلىك، ئاق تەنلىك، بۇغدايرەڭ ۋە سېرىق تەنلىك ياشلار، ياشانغانلار ۋە ھەتتا ئۆسمۈر باللار دۇنياسىنى قاپلىغان ئاممىباب ئۇسسۇل بولۇپ، ھەر قايسى ئەللەر ۋە مىللەتلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنماقتا ۋە بارا ـ بارا ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆز مىللىي

مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانماقتا. ئەنە شۇنداق دۇنياۋى ئۇسسۇل مەدەنىيىتى تۈرتكە بولۇپ تۇرغاچقا، شۇنى كۆرمەكتىمىزكى، بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ كېئىمىسى بولغان ھىندىستانمۇ دېمەي .. ئەنئەنىۋى پەردەدىكى ئۇسسۇلدىن «دېسكو» چولپانلىرى دەۋرىگە قەدەم قويغان، سوۋېت ئۆزبېكىستانىنىڭ ۋە قازاقىستاننىڭ ئۇسسۇل سەنئەتلىرىمۇ بىزنى ئۆزلىرىنىڭ يېڭىچە پەدە، يېڭى شەكىللىرى ۋە يېڭى قىياپەتلىرى بىلەن قايىل قىلدۇرۇپ تۇرۇۋېتىدۇ؛ ئوكرائىنا ئۇسسۇلچىلار ئۆمىكىنىڭ ئۇسسۇل كونسېرتلىرىدىن شۇنى كۆردۇقكى، ئوكرائىنا ئۇسسۇلچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىيىم جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىن - كەڭ ئىشتاندىن پايدىلىنىپ («پايدىلىنىپ» دېگەن سۆزگە دىققىتىمىزنى بېرەيلى)، بالېت ئۇسسۇلىدىن، زامانىۋى ئۇسسۇلدىن ۋە ھەتتا خەنزۇ خەلقىنىڭ چاكچىلىرىدىكى ئالاھىدە ھەرىكەتلەردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى دادىل قوبۇل قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئۇسسۇللىرىغا ئۆزلەشتۈرۈپ، يېڭى - يېڭى ئۇسسۇل تىللىرىنى ئىجاد قىلىپ، ناھايىتى تەسىرلىك بەدىئىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغان، ئۇلارنىڭ داڭقى ئۆز مەملىكىتىدىن، ئۆز دۆلىتىدىن ھالقىپ چىقىپ دۇنياۋى خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان.

بىز شىنجاڭنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش مەسىلىسىدە دۇنياۋى ئومۇمىيلىق مەيدانىدىن، تارىخىي يۈكسەكلىكتىن نەزەر سېلىپ، ئىنسانلار يارىتقان ئۇسسۇل مەدەنىيەتلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىش مىللىي سەنئىتىمىزنى تېخىمۇ تولغان، تېخىمۇ نەپىس، تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ گۈزەل سەۋىيىگە يەتكۈزۈشىمىزدە دەۋر بىزدىن بارىنى ساقلاشنىلا ئەمەس، ۋارىسلىق بىلەن داۋاملاشتۇرۇشنىلا ئەمەس (ئەلۋەتتە، ۋارىسلىق قىلماي بولمايدۇ)، كەشىپ قىلىشنىمۇ، ئىسلاھ قىلىشنىمۇ، ئىجاد قىلىشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ.

ھازىر بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇل مەدەنىيىتىمىز زامانىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت يېڭىلىق ئېقىمى بىلەن دوقۇرۇشماقتا ۋە ئىجادىيەت تەپەككۇرى جەھەتتىكى خىلمۇ خىللىق خاھىشى بىلەن ئومۇملۇق خاھىشى ئوتتۇرىسىدا تۇرماقتا، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇسسۇل سەنئىتىمىزدە يېڭى شەكىللەر پەيدا بولۇشى مۇمكىن، بۇ ئەھۋال ئەقىلگە ئۇيغۇن؛ بەزىلەرنىڭ «يا ئۇ مۇقامغا، يا بۇ مۇقامغا چۈشمەيلۇق» دېگىنىدەك بىر نەرسە بولۇپ چىققان تەقدىردىمۇ يېڭى سورتنىڭ ئۈندۈرمىسى، يېڭى مەھسۇلاتنىڭ خورۇچى بولۇپ رول ئويىنىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر قانداق كونسېرت، ئۇسسۇل سەنئىتى ئىدىيىدە ئازاد بولۇشىمىزغا، ئۇسسۇل مەنىۋى مەھسۇلاتىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئىجادىيەتچىلەرنىڭ كۈچلىرىنىڭ ئازاد بولۇشىغا تۈرتكە بولالىسىلا، ئۇنىڭغا ئالدىراپ ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق دەپ تەبىر بەرمەسلىكىمىز لازىم. ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ سىناقلىرىغا قويۇپ بېرىشىمىز كېرەك. خۇددى فرانسىيىنىڭ مەرىپەتچى يازغۇچىسى ۋولتېر «تارىخىي داستان توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك ئەسىرىدە يازغىنىدەك: «ھەر قانداق سەنئەتتە تىكىشى توختىمايدىغان تەبىرلەردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك، چۈنكى ئۇنداق تەبىرلەر ئادەتتە تېخى ئۆلچىمى قارارلاشمىغان نامەلۇم دۇنيانى چەتكە قېقىپ تاشلايدۇ.» (خەنزۇچە: «غەرب مۇلاھىزىلىرىدىن تاللانما» 1 - توم 320 - بەتكە قاراڭ)

# تۇمان





(پوۋېست)

سەبرى

## 1 - باب

## ئۇنىڭغا ئۆچ، لېكىن ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمىز!

### 1

— پۇلنى بىز ياراتقان، لېكىن ئۇنىڭغا ئاشىق بولىمىز، قۇل بولىمىز، سېتىلىمىز، ھەتتا جېنىمىزنى سېلىپ بېرىمىز. ئىنساننىڭ ئۇلۇغلىقىمۇ، ئەخمەقلىقىمۇ، ئالىيجانابلىقىمۇ، رەزىللىكىمۇ مانا مۇشۇ يەردە. دۇنيادا تۇنجى پۇل نەدە پەيدا بولغانلىقىنى بىلمەيمەن، لېكىن پۇل بىلەن يەرشارىنىڭ گۈللىنىۋاتقانلىقىنىمۇ، ئۇپراۋاتقانلىقىنىمۇ ياخشى بىلىمەن. ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىمىز، شۇڭا بىز ئىنسان. پۇلنىڭ كۆپ بولۇشى قانچىلىك لەززەتلىك بولسا، شۇنچىلىك يىرگىنىشلىك. ئويلاپ باق، پۇلۇڭ كۆپ بولسا سېنى باشقىلار ھۆرمەت قىلىدۇ، يەنە ئوخشاشلا پۇلۇڭ كۆپ بولسا، سەن باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايسەن. بىر پۇللۇق سودىگەر ئۆزىنى بىر يازغۇچىدىن ئۈستۈن بىلىدۇ. كىشىلەر پۇل بىلەن غادىيىدۇ، سىرلىق، زومىگەر، يۈرەكلىك بولالايدۇ. مانا بۇلار لەززەت. لېكىن پۇللۇقنىڭ بۇ لەززىتىدىن باشقىلار سەسكىنىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، نېمىشقا پۇلۇمنى كۆپەيتىمەن دەپ گۇاڭجۇغا ماڭدىڭ؟

— ئەلۋەتتە، مودا قوغلىشىپ ماڭدىم - دە.

— تېپىشىپتۇقتە، — دېدى پويىز كاردۇتتىنىڭ 1 - قەۋىتىدە سۇنايلىنىپ ياتقان چىرايلىق يىگىت يۇمشاق بۇرۇتلىرىنى سىلاپ قويۇپ، — گەپ قىل ئىلھام ئاكا.

ئىلھام — قىرىق بەشتىن ئاشقان، كەۋدىلىك، مەڭىزىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان، تۇماچە بۇرۇتى تولىمۇ يارىشقان ئادەم بىر كۆزىنى قىسىپ قويۇپ ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ قاقاقلاپ كۈلدى:

— راست تېپىشىپتۇق، ھوشيار ئۇكام. مەن سۆزلەيمەن، سەن ئاڭلايسەن، مۆمىن ئاكام مۈشۈكتەك ئۇخلايدۇ. تازا تېپىشىپتۇق. ئۈرۈمچىدىن گۇاڭجۇغا بىزدەك ھەمراھلارلا تېز بارالايدۇ. قارا، پويىز بىر خىل مۇقام بىلەن تاقاق، تاقاق... مەنچۇ، ساڭا ئالىي مەكتەپنىڭ بىر يىللىق پەلسەپىسىنى لېكسىيە قىلىپ بولىمەن. سەن ھوشيار بىر يىل بولىمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانسەن، مەنچۇ، ئۆمرۈمنىڭ يېرىمىنى دېھقانلارغا سىياسەت سۆزلەپ ئۆتكۈزگەن كادىرمەن. لېكىن بىلىپ قويغىنكى، پەلسەپە سېتىشتا يېتىلگەنمەن. ماۋۇ مۆمىن ئاكا بەلكى مېنى ياراتماس، مېنىڭ سۆزلىرىمنى كونىراپ جۇلىقى چىقىپ كەتكەن دەپ ئاڭلىغىسى كەلمەس. لېكىن پويىزنىڭ ئاۋازىدىنمۇ ياخشىمدۇ؟ قارا، ئىلھام، ئاۋۇلار سۆيۈشىۋاتىدۇ. پاھ، قىزنىڭ يوپكىسى نېمانچە قىسقا - ھە؟ بولدى، قارىما ھوشيار. بۇنداقلارغا قىزىقساڭ پۇل تاپالمايسەن. يادىڭدا تۇت، ئەقىل دەپتىرىڭگە يېزىۋال: ئايال، قورساق، ھورۇنلۇق پۇل تېپىشنىڭ دۈشمىنى. قىلالىساڭ ناماز ئوقۇ، بەش ۋاخ ئوقۇ، شۇ چاغدا پاكىزە بولىسەن، باي بولالايسەن. بىلىمەن،

دادالق بانكىدىن 10 مىڭ سوم قەرز ئالدى، ئاپاق ئالتۇن - پالتۇنلىرىنى سېتىپ 5000 سوم قىلدى. بىر يىلدىن كېيىن سەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھېچ بولمىغاندا 30 — 40 مىڭ سوم قوي، مانا شۇ چاغدا گۇاڭجۇنىڭ قەنتىنى چاققان بولىسەن!

— بىر نېمە يېمەمدىمىز ھەي ئىلھام! — دېدى بايىتىن كۆزىنى يۇمۇپ بىرىنچى قەۋەتتە ئۇگدا ياتقان ئادەم ئەسنەپ قويۇپ، — پاھ، كۆۋرۈككە كەپتىمىز، ۋۇخەنچاڭجياڭ كۆۋرۈكى شۇمۇ - ھە؟

— تاپتىڭ مۆمىن ئاكا، ۋۇخەنگە كەلدۇق، خۇدايىم بۇيرۇسا ئەتە گۇاڭجۇغا يېتىپ بارىمىز. سۇلايمان پاقىنىڭ ئاشخانىسىدا خالىغىنىڭنى يېيەلەيسەن، سەنيۈەنلىنىڭ قەنتىنى چاقسەن ئاكا. ھازىرچە قورسىقىڭ ئاچقان بولسا ئەكەل كۆرۈشكاڭنى، قايناقسۇ ئەكىلىپ بېرەي. قورىغان گۆشۈك باردۇر - ھە؟ پەمىدۇر، تەرخەمەك قېتىپ ساڭا راسا قويما شورپا قىلىپ بېرەي، ئىچەمسىزمۇ - يە؟

— شۇنداق قىلايلىلا!

ئۇلار ئۇچى تۇخۇم، گۆش، كۆكتاتلىرىنى قويۇشۇپ «ئىلى ئالىي ھارىقى» ئىچىشكە باشلىغاندا پويىز ۋۇخەندىن ئۆتۈپ جەنۇب قا قاراپ ماڭماقتا ئىدى.

— ئىنسان پۇلنىڭ قۇلى، — دېدى ئىلھام نىڭ يەنە ئىلھامى قوزغىلىپ، — نى - نى قىزلار پۇلغا تېگىدۇ، نى - نى ئەقىل ئىگى لىرى پۇلنى دەپ مايماق دەسسەيدۇ، نى نى تەقۋادارلار ئىمانىنى ساتىدۇ.

«يالتىراپ كۆزلەرنى چېقىپ توغرا يولدىن
ئازدۇرار

دېگەن شېئىرنى كىم يېزىۋىدى؟ ھە توغرا، ئابدۇللا توقاي يازغان. مەن ساڭ ئېيتسام مۆمىن ئاكا، مەن ئىككى ئايلى

مم ئېلىش ئالدىم - دە، يېنىمغا بار پۇلنى چىقىرىپ بۇياققا ماڭدىم. مەيلى پايدا ئالاي، مەيلى زىيان تارتاي ئاغىنىلىرىمنىڭ كۆڭ-لىنى دەپ كېتىۋاتىمەن جۇمۇ. بىر كوچىدا ۇك بولغان دېگىنە بىز، بىلمىسەڭمۇ غۇلجى-نىڭ كوچىلىرىنى؟ ھە، شۇ. ئالدىنقى قېتىم بىر كىرىپ ئون سەككىز مىڭ سوم پايدا ئالدىم دېگىنە؟ نېمە ئىش قىلدىڭ دەمسىنا؟ ۇلارغا ئاشپەزلىك قىلىپ بەردىم. پۇلۇمنى ېتىپ قويدۇم شۇ. مېنىڭ ئىككى ئاغىنەم بۆلدى - دە! بولمىسا بىر ئايدا ئون سەك-كىز مىڭ سومنى ئوغرىمۇ تاپالمايدۇ.

پويىز جەنۇبقا قاراپ بىر خىل رىتىمدا. تاقىلداپ ماڭماقتا. ئىلھامنىڭ سۆزى داۋام-لاشماقتا. ئۇ گويا ھاياتىدىكى مەنىلىك ئىش-لارنى سۆزلەپ تۈگىتىشكە بەل باغلىغاندەك ھەممىنى: تاپقان پۇللىرى، يېقىن دوستلىرى بىلەن قىلغان ئويۇن - تاماشىلىرى، تۇتقان ئاشنىلىرى بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگەن مىنۇت-لىرى، ئانچە - مۇنچە ھوقۇق تەگكەن چاغلاردا قىلغان مەردلىك، كەسكىنلىك، كەڭ قورساق-لىقلىرى توغرىسىدا سۆزلىمەكتە. ئۇ گويا رېلىس ئۈستىدىكى چاقلار بىلەن بەسلەشكەن، ئۇ گويا ئىككى ھەمراھىنى جاق تويغۇزۇش-قا قەسەم ئىچكەن، يەنە ئۇ مۇشۇ ماخ-تىنىشلىرى بىلەن كۆڭۈل ئاۋۇندۇرۇشقا ئۆگەنگەن...

ئىككى ھەمراھى ئۇخلاپ قالدى. ئۇ ئا-خىرقى رومكىنى قېقىۋېتىپ تۇخۇمنىڭ سې-رىقىنى ئالدىرىماي چاينىدى - دە، كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ:

— شۇنداق، مەن ئىداردا ئادەتتىكى كا-دىر بولغىنىم بىلەن، باشلىق بىلەن تەڭ ئايلىق ئالىمەن. يىگىرمە قوي بورداپ ھەر بىرىدىن 180 سومدىن پايدا ئالدىم. ئايالىم قولى گۈل خوتۇن، ماڭا ئالىيىپ قارىغىنىنى بىلمەيمەن، كۈلۈپلا يۈرىدۇ. كۈلۈپ يۈرۈپ ئالتە بالىنىڭ ئانىسى بولدى. ھازىر كۆر-سەڭ ئون سەككىز ياش قىزلاردەك. ئەتىگەن تۇرۇپ تۆت سىيىرنى ساغىدۇ، ھويلا - ئارام-نى سۈپۈرۈپ سۇ چاچىدۇ، چاينى تەييار قىلىپ بولۇپ بالىلارنى ئويغىتىدۇ. خوتۇن شۇنداق بولغاچقا بىزنىڭ ئۆينىڭ بەرىكىتى بار...

— ئەي يولداش، كەپ قىلماڭ، باشقىلار ئۇخلاۋاتىدۇ، — پويىز كۈتكۈچىسىنىڭ بۇ ئەسكەرتىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ سۆزىنى تەنتەنىلىك جۈملىلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇردى:

— شۇنداق، پۇل تاپىمىز، پۇلغا ئۆزىمىز-نى قۇل قىلمىمىز. پۇلنى قالاپ پولۇ پۇشۇر-غان، پۇل بىلەن بالىلىرىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان، پۇل بىلەن گۈلخان يېقىپ ئىسسىن-غان سارائىلار ياشىسۇن!

## 2

گۇاڭجۇ شەھىرىنىڭ كېچە يۇ- كۈندۈز بوراندەك گۈركىرەپ تۇرىدىغان كوچىلىرى بىلەن دىمىق ھاۋاسى، ئالدىراش، سوغۇققان ئادەملىرى بىلەن تىنىمسىز ماشىنىلىرى مۆمىن ئەپەندىنى بىرىنچى كۈنىلا زېرىكتۈر-دى. ئۇ ياخشى نىيەت بىلەن قۇرغان ئىج-تىمائىي ئالىي تېخنىكوم ئۈچۈن ئىئانە بېرىش بۇ يەردىكى ئون مىڭدەك مەردانە ئوقەتچىلەر ئۈچۈن كۆڭۈللۈك بىر ئىش دەپ ئويلىغان، شۇڭا ئۇ بۇ يەردە ئۆزىنى بىر چوڭ ھۆرمەت كۈتۈپ تۇرغىنىدىن گۇمانلان-مىغان ئىدى. لېكىن مانا سەنيۇەنلىنىڭ ئۇيغۇر ئوقەتچىلەر توپلىنىشىپ يۈرۈيدىغان دوقمۇشلىرىدا 4-5 سائەتتىن بېرى تۇرماقتا، ئەمما ئۇنىڭغا سالام قىلغىدەك بىر ئادەم چىقمىدى. ئاشپەز، ناۋاي، تاۋۇزچىلار ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش. ماللىرىنى

تارتقۇزۇپ قويۇشقان يىگىتلەرنىڭ ئاغزىدىن شىكايەتتىن باشقىنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. ئۇقمىتى راۋاج تاپقان يىگىتلەر بارماقلىرىدىكى ئالتۇن ئۈزۈك، بويۇنلىرىدىكى ئالتۇن زەنجىرلىرى بىلەن مۆمىن ئەپەندىگە شۇنداق يوچۇن بىلىنىدىكى، ئۇلاردىن ئىئانە ئۇچۇن پۇل سوراش گويا دۈشمەن ئالدىغا يىقىلىشتەك بىر ئىش. بۇ يەردىكى غادايغانلىرى بىلەن مۆكچەيگەنلىرى ئوتتۇرىسىدا پەرق تولىمۇ چوڭ بولغان يىگىتلەردىن مۆمىن ئەپەندىگە قىزىققىدەك بىرەرسى چىقمىدى. ئۇ، يۇرتداشلىرىدىن شۇ كۈنىلا رەنجىدى، ئۇلارنى «خەلقىنى، مىللىتىنى ئۇنتىغان يارامسىز چۈپرەندىلەر» دەپ ئىچىدە تىللىدى. ئەلۋەتتە، بىر ئادەم ھەر قانچە روناق تاپسىمۇ، ھەر قانچە چۈشكۈنلەشسىمۇ ئۆزىنىڭ خەلقىنى، بولۇپمۇ شۇ خەلقنىڭ ساپاسى ئۇچۇن باش قاتۇرۇپ، تىنچ-راھەت تۇرمۇشىدىن ۋاز كېچىپ بىر نەچچە مىڭ كىلومېتىر يول بېسىپ ۋەتىنىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا كەلگەن مۆمىن ئەپەندىدەك ئادەملەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك-تە! ئىچ-سىر ئېلىشمىغانلىرىغۇ مەيلى، مۆمىن ئەپەندىمدىن دەرس ئالغان، ياخشىلىق كۆرگەن ئوقۇغۇچىلىرىغا نېمە بولغاندۇ- ھە؟ ئۇلارنىڭ تولىسىلا بۇ يەردە «لاۋبەن» دېگەن نامغا ئىگە بولغان، پىسى، لۈيخۇا، جولۇڭ، فىنگۇەن قاتارلىق سارايلاردا كۈنىگە يۈز كويدەك پۇل تۆلەپ ئاياللىرى بىلەن تۇرۇۋاتقان پۇلدارلار ئىكەن. شۇنداق بولغاندىكىن ئۆز مۇئەللىمىگە ئېغىزىنىڭ ئۇچىدا بولسىمۇ تەكەللۇپ بىلدۇرۇپ قويسا بولماسمىدى. «زادى بىز خەق سۈپەتسىز، ھاكاۋۇرلۇقتىن باشقىنى بىلمەيمىز. مەنمۇ شۇنداقمۇ ياكى مەن نېمىشكە باشقىلارغا گەپ قىلمايمەن؟ ھېلىقى ئىلھام كاسكىنىڭ گېپىنىڭ مىڭدىن بىرسى مېنىڭ بولسىچۇ؟ ھوشيار تۈلكىنىڭ (دادىسىنىڭ لەقىمى) چىرايىدىكى مۇلايىم كۈلكىنىڭ مىڭدىن بىرسى مەندە بولسىچۇ؟ نېمىگە تۇتۇلىمەن، ئۆتكۈزۈپ قويغانمىدىم، ئېلىشىم بارمىدى؟ نېمىشكە مەكتىپىمىزنىڭ پايدىسىنى سۆزلىمەيمەن. ئالدامچى دورىگەرلەر، مال ساتقۇچىلار ئۆز مېلىنى ماختاپ شۇنچە سۆزلەيدۇ يۇ، مەن ئۆز مەكتىپىمىز ئىجتىمائىي ئالىي تېخنىكومىنى نېمىشكە ماختاپ سۆزلىمەيمەن؟ سەن قانچىلىك ساپالىق؟ ....»

مۆمىن ئەپەندى باشقىلارنى ئەيىبلەشتىن ئۆز-ئۆزىنى ئەيىبلەشكە ئۆتىۋېدى، ئۇنىڭ چىرايىدا يېڭىچە نۇر پەيدا بولۇپ قەلبىدە قايتىدىن ئۈمىد ۋە خۇشاللىق ئۇچقۇنى يېنىشقا باشلىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئۇكاموي، سىزنى تونىيالماي قالدىمەنۇ، ئىسمىڭىز يادىمغا كەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ھورچىقىپ تۇرغان خوشاڭلارنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ، چېپىلداپ تەرلەپ ئىشلەۋاتقان سېمىز يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىپ. يىگىت ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ ئۆزدىچىلا بىرسىنى تىللاشقا باشلىدى:

— ئانىڭنى ھەزىلەك، گۆش دېگەننى تارتىپ ئالماسەن، بۇ يەرنىڭ ھاراملىرىدا ئىنساب نېمە قىلسۇن؟

—خاپا بولما ئۇكام، ئىنساب يوق يەردە بەرىكەت بولمايدۇ، بۇ يەردىن كەت!

—دېمىسەڭمۇ كېتىمەن خىزىر ئەلەيھىسسالام؟ — دېدى سېمىز يىگىت مۆمىن ئەپەندىگە يالت قىلىپ قاراپ قويۇپ، — ئەپەندىم، خاپا بولماڭ، خاپىچىلىقتا سالىمىڭىزمۇ ئۇنتۇتۇپتىمەن. قېنى، مۇنۇ ئورۇندۇققا ئولتۇرۇڭ، چاي ئىچىڭ. سالامەت كەلدىڭىزمۇ مۇئەللىم؟

—خۇداغا شۈكرى، شۈكرى، شۈكرى! — دېدى

مۆمىن ئەپەندى ئۆزىگە تۇنجى ھۆرمەت بىلدۈرگۈچىدىن رازى بولۇپ، — ئوقۇتقۇچىلىق ياخشىمىدۇ ـ ھە؟

— قۇرۇسۇن! — دېدى سېمىز يىگىت، — قۇرۇپ كەتسۇن. كۆرمىدىڭىزمۇ، خەۋەردار يوق. بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ 3 مىليون سوملۇق مېلىنى مۇسادىرە قىلدى. بۇنىڭدىن 30 پىرسەنتىنى قايتۇرغىدەك. ئىككى مىڭ ئۈچ يۈز سوملۇق لوشياڭجىغا ئۈچ يۈز سوم قايتۇرۇپ قالغىنىنى ئېلىۋالغىدەك. ئادەملىرىمىز دەسمىدىن ئايرىلدى، ئۆيىگە كەتكىدەك پۇلى يوق، بەزىلەرنىڭ نان سېتىۋالغىدەك پۇلى يوق. ئادەملەر كېتىۋاتىدۇ، ئازلا ئادەم قالدى. ئادەم بولمىسا بىزگە بازار نەدە. ئاشخانىلار تاقىلىپ بولدى. بىز تۈگەشتۇق، ئەپەندىم. نېمىشقا بىر ـ ئىككى يىل بۇرۇن كەلمىگەنسىز ھە؟ سىزنىڭ نېمىگە كەلگىنىڭىزنى ئىلھام كاسكا ھەممە ئادەمگە دەپ بولدى، ئەپەندىم.

— شۇنداقمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا ھەممە ئادەم ئالىيىپ قارايدىكەن ـ دە؟

مۆمىن ئەپەندى پۇلنىڭ تىرىكچىلىكتىكى رولىنى بۈگۈن تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندى: پۇلدىن ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ، ئۆز ۋاقتىدا ھۆرمەت قىلىدىغان تونۇش ـ بىلىشلىرىمۇ ئۇنىڭغا سوغۇق قارىماقتا. ئاۋۇ ئون نەچچە يىگىتنىڭ كۈچى بىلەن چوڭ ئاشخانىنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىۋالغان يىرتىدىشىمۇ ئۇنى تونىماسقا سالماقتا. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئىشلىگەن مەكتەپتە شاخار تاسقاپ جان باققان ئاۋۇ پاكار، سېمىز ئادەممۇ مانا مۆمىن ئەپەندىنى تونۇماسقا سالدى. سەۋەبى، ئۇ ھازىر رەخت سودىگىرى. دەنسۇي ياكى لىدۇڭ ناھىيىسىدىن شياڭگاڭ سارچىلىرىنى ماشىنا ـ ماشىنا بىلەن ئەكىلىدۇ ـ دە، بۇ رەختنىڭ مېتىرىدىن بىر نەچچە سوم پايدا ئالالايدۇ. بۇ ئىشنى ھازىر ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى قىلىدۇ، ئۇ بولسا مانا ئاشۇنداق ئېسىل چاينى دەملەپ قويۇپ، بويىنى ۋە بارماقلىرىدىكى ئالتۇنلىرىنى نامايان قىلغاچ پۇلسىزلار ۋە پۇل ئۈچۈن تىركىشىپ يۈرگەنلەرنىڭ تاماشىسىنى كۆرىدۇ. كىم بىلىدۇ، ئۇ بەلكى مۆمىن ئەپەندى ئالدىغا كېلىپ پۇل ئۈچۈن يالۋۇرىدۇ، دەپ كۈتۈپ تۇرامدۇ تېخى؟ راستىنلا ئۇ مۆمىن ئەپەندىدىن شۇنى كۈتۈپ ئولتۇرغان بولسا، ئەپەندىم مەكتەپ ئۈچۈن ئۇنىڭغا تىزلىنىشقا تەييار، چۈنكى مەكتەپكە تىزىملاتقان بالىلار كۆپەيمەكتە، پۇل ـ راسخوت كەمچىل، ئوقۇغۇچىلاردىن يىغىلغان ئاز ـ تولا پۇل بىلەن نېمە ئىش تاڭاتتىدۇ؟ ئۇ گۇاڭجۇغا ھېچ بولمىسا 100 مىڭ سوم يىغىپ كېتىش نىيىتى بىلەن كەلگەن، يالۋۇرۇپمۇ، چىرايلىق گەپ قىلىپمۇ، ھەر نېمە قىلىپ شۇنچىلىك پۇلغا ئىگە بولۇشى، مەكتەپنىڭ كەم ـ كۈتىسىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئۇ ھەر خىل رول لارغا چىقىشى، ھەر خىل ئاۋازدا سۆزلىشى، چىرايىنى ھەر خىل ئۆزگەرتىشى كېرەك!

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم پازىل ھاجىم! — دېدى مۆمىن ئەپەندىم «پازىل ساختا» دەپ لەقىمى بىلەن ئېيتىلىدىغان بۇ ئادەمگە كۈلۈپ تۇرۇپ يۇمشاق تەلەپپۇزدا، — بەللى، بەللى، ياشىرىپ، سەمىرىپ، تونۇغۇسىز بولۇپ كېتىپسىز ھاجىم!

— مۆمىن ئاكامغۇ ۋۇي، — دېدى پازىل ئالتۇن چىشلىرىنى يالت ـ يۇلت قىلىپ كۈلۈپ، — ھە، پېنسىيىگە چىقىپلا بىز ياققا ماڭغان ئوخشىمامسىز، ياخشى بوپتۇ ئەپەندىم، سىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىڭىز تولا بۇ يەردە!

ئۇ دىققىماق، گۆشلۈك، يۇمشاق قولىنىڭ ئۇچىنىلا مۆمىن ئەپەندىگە تۇتقۇزدى. مۆمىن ئەپەندىم ئۇنىڭ قولىنى ئىككى قولى

بىلەن چىنىڭ تۇتۇپ بىر سادىق مۇرىتنىڭ ئۆز پىرىگە بولغان سۆيگۈسىنى ساداقىتىنى چاندۇرماستىن ئىپادىلىدى.

— يېڭى تازا بىلەن قىرىداق يېگىن، — دېدى مۆمىن ئەپەندىگە قاراپ مۇلايىم كۈلۈپ قويۇپ، — ھەي بالىلار، مەن بۇيرۇتقان غىزا ئىككى كىشىلىك بولسۇن! ھە ئەپەندىم، قانچىلىك دەسمى بىلەن كەلدىڭىز؟ ئىلھام كاسكا ئىككى تۈمەن بىلەن، يەنە بىر كىچىككىنە بىر يېرىم تۈمەن بىلەن ئەگەشتۈرۈپ كەپتۇ. ئاخشام بالىلارغا بېرىپ قويدۇم، لۇشياڭجېچىلىق قىلىدىغان گۇرۇپپىغا بېرىپ قويساق بىر ئايدا بىر ھەسسە ئۆسىدۇ. سىز قانچە تۈمەن بىلەن؟

— چىرايلىق ئارزۇ، زور ئۈمىد بىلەن دەڭگا ھاجىم، بارى شۇ.

— ھا، ھا... مەزىن بولغانمىدىڭىز، ئۆشرە-زاكات يىغىمەن دەڭلا؟ ھى، ھى، ھى... ھەي ئەپەندىمەي...

مۆمىن ئەپەندى ھاياتىدا مەسخىرە قىلىنمىغان بولغاچقا ئۇ دەرھال ئۆڭدى، لېكىن بىردىنلا پازىلغا ئەگىشىپ كۈلدى ۋە:

— ھى، ھى، ھى، شۇنداق دېسىمۇ بولىدۇ. ئەلۋەتتە ئىشنى ھاجىمدىن باشلايمىز، قىرىقتىن بىرى بولمىسىمۇ يۈزدىن، ئىككى-ئۈچ يۈزدىن بىرى بولسىمۇ ياق دېمەيمىز.

— ئەپەندىم، ئىچەمسىز؟

— ھاجىم ئېغىزىغا ئالسا، بىز قاراپ تۇرمايمىز.

— ھا، ھا، ھا، ھەي، ماڭ، ئېلىقىسىدىن بىرنى!

ئۇلار بىر رومكىدىن ئىچتى-دە، قىزغىن سۆھبەت باشلاندى. ئۇلارنىڭ بىرسى، ئىلىم-مەرىپەت، پەدىشەپ، سىيلىق-يۇمشاق گەپ بىلەن ئاتمىش تۆت ياشقا كىرگەن، لېكىن ئۇ ھازىر يېلىنغۇچى. يەنە بىرسى، قوپال، تىل-ئاھانەت، قاقتى-سوقتى، ساختىلىق بىلەن قىرىق تۆت ياشقا كىرگەن، ئۇ ھازىر غادايغۇچى-خوجايىن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بۇ ناھەق-ئاستىن-ئۈستۈنلۈكنى پۇل كەلتۈرۈپ چىقارغان، شۇڭا چوڭنىڭ پۇلغا نىسبەتەن كىچىكلۈك، لېكىن ئۇ پۇلغا ھاجەتمەن. كىچىكنىڭ پۇلغا مۇھەببىتى ئۆز جېنىدىنمۇ كۈچلۈك، لېكىن ئۇ مۇنداق ئىچكەن چاغلاردا ساخاۋەتلىك. بۇ خىل سۆھبەت ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە بىئەپ، لېكىن قىزىقارلىق، چۈنكى ھەر ئىككىلىسى ئۆز كەيپىنى قىلىدۇ، بۇ كەيپتىن لەززەت-ھوزۇر ۋە قانائەت تاپىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ مىجەز-خۇلقى، ئارزۇسى ئىككى خىل بولسىمۇ، ئۇلار ھامان ئىنسان. ئىنسان شۇنداق بىر ئورتاقلىققا ئىگە: ھەممىلا ئادەم ئارزۇلۇق، ئارزۇ مېۋىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن لەززەتلىك.

ئاپتور بۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئۇزۇن سۆھبىتىدىن تۆۋەندىكىچە خاتىرە قالدۇردى:

— ئەپەندىم، مەن سىزنى بىلىمەن، سىياھ بىلەن ئىچكىنىڭىز كۆك ئالتۇنغا ئايلانغان... ئەمما سىز مېنى بىلمەيسىز، مەن پازىل تېخى قورسىقىمدىكىنى كۆرسەتمىدىم، ۋېلىسباي، مۇسابايېۋ دېگەنلەرنى ئارا يولدا قالدۇرمىسام... ھازىر 4 مىليون سوم، تۆت خىل تىجارەت، قول ئاستىمدا يۈگۈرۈپ يۈرگەن 100 دەك ئادەم، 12 ماشىنا، ئۈچ قورۇ جاي، ئىككى ئايالنىڭ خوجايىنىمەن!

— شۇنداق، خوجايىنسىز، لېكىن بىزنىڭ مەكتىپىمىز مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئۇنى دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا ئۆتكۈزۈشتە...

— ھا، ھا، ھا... ئىلغار مىللەت دېگەن نېمە ئۇ؟ باي مىللەت، گاداي مىللەت دېسەلا بولىدى. ئادەملەر ئىككىگىلا بۆلۈنىدۇ ئەپەندىم، بىرلىرى پۇللۇقلار، بىرلىرى گادايلار.

—ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن مىللىي غۇرۇر، مىللىي ئاڭ دېگەن ئۇقۇم...

—پۇل بولمىسا ئۇقۇم، غۇرۇر دېگەنلەر نەدىن بولىدۇ، ئەپەندىم؟

—توغرا، بازىس ئاڭنى بەلگىلەيدۇ، لېكىن، لېكىن پۇل بىلەنلا ھەممە ئىش ھەل بولمايدۇ-دە، پازىلجان ئۇكام. پۇللۇق نادانلار بولىدۇ، پۇلسىز دانالار بولىدۇ.

—ئەمما لېكىن ئەپەندىم، ئۇ دانالار ئاشۇ نادانلارغا قۇل بولۇشقا رازى.

—بۇ بىر شەكىل، ئۇكام. سۈپەتلىك ئادەم بىر مەھەل قۇل بولىدۇ، لېكىن ئۇ ھەر قاچان ئۆز پىكرىنىڭ تازا، گۈزەللىكى بىلەن پەخىرلىنەلەيدۇ.

—سىز ئەپەندىم، مېنى چاكىنا ئادەم دەپ قارىلاۋاتامسىز-يە؟ توغرا، بىز بىر-بىرىمىزنى ياراتمايمىز. مەن سىزنى ئىشلىتەلەيمەن، خۇشال قىلالايمەن، خاپا قىلالايمەن. لېكىن سىز مېنى قاغاشتىن باشقىغا يارىمايسىز. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىر قانۇنىمىز ئايالىم بار، قانۇنلۇق ئايالىم ئۇنىڭ ئۈستىدىن، يا بولمىسا مېنىڭ ئۈستۈمدىن بىرسىگە داد ئېيتمايدۇ. ئەمما سىزنىڭ ئايالىڭىز يات بىر ئايال بىلەن سالاملىشىپ قويغىنىڭىزنى كۆرسە، ئۆيىنى بېشىغا كىيىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

—بۇ راست، ھاجىم راست ئېيتتىلا، لېكىن پۇل بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈمران بولغىلى بولمايدۇ-دە. كىشىلەرنىڭ كۈچىنى، جىسمىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ روھىنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئىجتىمائىي تېخنىكۇم مىللىتىمىزنى روھىي جەھەتتىن ئۆستۈرۈشتە، ئۆز-ئۆزىنى چۈشىنىش، ئۆز-ئۆزىنى قەدىرلەش ئېڭىنى ئۆستۈرۈشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ.

—چۈشىنىدىغان گەپلەرنى قىلسىڭىزا ئەپەندىم، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، ئىلھام كاسكىدەك ماڭا كىتاب يادلاپ بەرگىلى تۇردىڭىزغۇ.

—دېدىڭىزغۇ، كۆك سىياھدىن ئىچىڭىز ئالتۇنغا ئايلانغان دەپ. ئالتۇن-مانا مۇشۇنداق سۆز-دە!

—شۇنداقمۇ دەيلى ئەپەندىم، سىز بۇ گەپلەر بىلەن كۆڭۈلدىكى سوددىگەرلەردىن پۇل ئالالامسىز؟ مەسىلەن مېنى ئالسىڭىز خۇدا يولىدا مەسچىتكە 20_30 مىڭ سوم بەردىم. تېنىگەن، كاڭگىرىغان، تالادا قالغان يۇرتداشلارنىڭ قورسىقىنى باقتىم، ئۇلارغا بېلەت ئېلىپ بېرىپ ئۆيىگە يولغا سالدىم، لېكىن مەكتەپ، مەدەنىيەت دېگەنلەرگە سىنت پۇل بەرمىدىم. بۇنىڭ سەۋەبى، مەن ئارانلا ئىككىنچى سىنىپنى تۈگەتكەن، ۋاسكىچىلىق، ئېلىپ-ساتارلىق، كۆمۈرچىلىك، ئالمىچىلىق، مۆرىتى كەلسە جەللىكۇرلىك ئوخشاش ئىشلار بىلەن قورساق بېقىپ كەلگەن ئادەم ئىدىم. مانا بۈگۈن ئاپامنى قاقشىتىپ ھويلىنىڭ يېرىمىنى سېتىپ كۆلمغا قېچىپ كىرگىنىمگە ئون ئۈچ يىل بوپتۇ. جاپانىمۇ، راھەتنىمۇ ھارغىچە كۆردۈم. تاياق يېدىم، تۈرمىگە كىردىم، ئاچ قالدىم، ئەمما راھەتمۇ كۆردۈم، چەت ئەللەرگە باردىم، ياۋروپانى ئايلاندىم، نى-نى قىزلار بىلەن كۆڭۈل ئاچتىم. ئىشقىۋازلىقىمۇ سەسكەنگىچە قىلدىم. يېقىنلىرىمنىمۇ زار-زار قاقشاتتىم. پۇل بىلەن دۈشمەنلىرىمنى قان يىغلاتتىم، ھېچكىمدە ئۆچۈم قالمىدى. گۇناھقىمۇ بوغۇلدۇم. لېكىن بۇلتۇر ھەج قىلىپ كەلگەندىن بېرى ئۆزۈمنى تۇتىۋالدىم. ئاۋۋال كوچا قىزلىرىغا دۇمبەمنى ئۆرۈدۈم. ئاندىن كېيىن ساۋابلىق ئىشلارنى ئىزلەشتۇردۇم. لېكىن ئەپەندىم مەكتەپ، كىتاب-ژۇرنال دېيىدىغانلار بىلەن زادىلا

ئېقىم كېلىشمەيدى. كىچىك چېغىمدا ئەپەندىلەر تولا دۇشكەرلىۋەتكەن چېغى، مەكتەپ، كىتاب دېگەنلەرنى ئاڭلىسىلا قۇيقى چىچ-چىم تىك تۇرىدۇ!

-ئاپلا، بۇ ئىشىڭىز قاملاشمايتۇ ھاجىم. شۇنداق بىر ھەقىقەت بار، ئۇنى ھېچكىم رەت قىلالمايدۇ: دۇنيانىڭ گۈللىنىشى پۇلدارلارغا ئەمەس، ئوقۇمۇشلۇقلارغا مۇھتاج!

پۇل بىلەن ئىنسان توغرىسىدا بۇ تالاش-تارتىشنىڭ ئاخىرى نەگە باراتتىكىنتاڭ، بۇ تالاش-تارتىشنى يەنىلا پۇلدار ئۈزۈپ قويدى. ئاشخانىغا چىرايلىق ياسانغان، چىرايلىرىدا مەغرۇرلۇق، قانائەت ۋە ھۆكۈمرانلىق كامال تاپقان يىگىتلەر كىرىپ كېلىشتى. پازىل ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق بىلەن ئېغىرلاشقان گەۋدىسىنى يىگىتلەرنى كۆرۈپ تەربىيەكۆرگەن تەنتەربىيىچىلەردەك تېز ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى:

-ئوھوي!-دەپ ۋارقىرىدى ئۇ خۇددى ئالدىن مەشىق قىلىۋالغاندەك غۇلچىبىنى كەڭ كېرىپ،-ئۆكىلىرىم، ئاخشام سىلەرنى چۈشۈمدە كۆرگەن، مانا ئەندى ئوڭۇمدا كېلىڭلار، تاڭ ئاتقىچە ئوينايمىز!

«ئوينايمىز» نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇنىسى مۆمىن ئەپەندىگە قاراڭغۇ.

ئۇلار تامىقى خىل، ئۆيلىرى ئازادە، سالقىن خۇيزۇ ئاشخانىلىرىغا يۆتكەلدى. تاماق شىرەلىرى تەملىك، قىممەتلىك قورۇمىلار، ئىچىملىكلەر بىلەن تولدى. ئۇلار ئون نەچچە يىگىت بىلەن مۆمىن ئەپەندى، ئىلھام كاسكىلار بۈگۈن پازىل لاۋبەننىڭ مېھمىنى. مۆمىن ئەپەندى خوجايىنلىق دېگەننى ئاڭلىغان، لېكىن كۆرمىگەن. ئۇنىڭ ئەخلاقى ۋە بىلىم خۇمارى باللار بىلەن ھەپىلىشىپ شەكىللەنگەن. مىجەز-خۇلقى «خوجايىنلىق» دېگەن ئۇقۇمغا يات-دۈشمەن نەزەردە قاراشقا ئادەتلەنگەن. پۇلدارلارنىڭ گەپ-قىلىقلىرى ئۇنىڭ قەلبىدە نەپرەت، ئۆچمەنلىك ئوتىنى ئۇلغايتماقتا، بىرلا ئىلھام كاسكىنىڭ ئۇزۇن ۋە قىزىقارلىق نۇتقىلا ئۇنىڭغا لەززەت بېرەلەيدۇ. ئىلھام كاسكا ھېچ-كىمگە گەپ بەرمەستىن سۆلمەكتە:

-توختا رىشات، سەنمۇ جىم بول پازىل، سىلەر پۇلغا باي بولغان بىلەن گەپكەگاداي، پۇلنى سەن خەجلەيسەن، سۆزنى مەن قىلىمەن. سىلەر مۆمىن ئەپەندىنى يالغۇزلا ئىمانە يىغقىلى كەلگەن دەپ قارىساڭلار خاتالىشىسەلەر. ئۇ كىشى مىللەتنىڭ مېڭىسى، ئەقىل-پاراسىتى. ئۇلار بولمىسا، بىز پۇتىمىز بىلەن قولىمىزنى ئايرىپ ئالالمايمىز. ھازىرقى مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ ئالاھىدىلىكى نېمە؟ سىلەر بۇنى بىلمەيسىلەر. ئىلغار خەلقلەر نېمىلەرنى ئويلايدۇ؟ بۇ سىلەرنىڭ چۈشەنچىلارغىمۇ كىرمەيدۇ، سىلەرنىڭ قان-قېنىڭلارغا بىرلا پۇل سىڭىپ كەتكەن. سىلەرنىڭ ئەقلىڭلارمۇ، ۋىجدانىڭلارمۇ، ئار-نومۇسىڭلارمۇ پۇل. سىلەرچە، پۇل دېمەك-ئىنسان دېمەك، شۇنداقمۇ ھەي پازىل ساختا؟

-شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ ھەي كاسكا، پۇل بولمىسا زىيابەت نەدىن كېلەتتى. سېنى سۆزلەتكەن پۇلنىڭ كۈچىغۇ؟ راست ئېيتسەسەن، ئىنسان دېگەن پۇل دېگەن سۆز. ئىنسان پۇل ئۈچۈن قىمىرلايدۇ، پۇل ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشنى قىلىدۇ، ئۆزىنى ساتىدۇ، باشقىلارنى ئۆلتۈرىدۇ. رەھىم-شەپقەت، مۇھەببەت دېگەنلەرنىڭنى پۇل بىلەن سېتىۋالغىلى بولىدۇ-دە!

-ياراپسەن ساختا، گەپلىرىڭ راست، بۇ سېنىڭ ئىنسان ھەققىدە تونۇشىڭ. لېكىن بىلىپ قوي، ئۆزىنىڭ نەچچە مىليون دوللار پۇلىنى دۆلىتىگە، خەلقىگە تەقدىم قىلغان ئەرەفاتتەك ئادەملەرمۇ بار، ھازىر يەر يۈزىدە

بىز بىلەن بىللە ياشاۋاتىدۇ. مەكتەپ ئاچقان، كەمبەغەللەرنى يۆلىگەن پۇلدارلارمۇ كۆپ. ئالدىڭدا ئولتۇرغان مۇنۇ مۆمىن ئاق-ساقال باي بولىمەن دېسە، يول تاپالايدۇ. لېكىن بۇ ئادەم باي بولۇشنى ئويلىمىدى. كۆپرەك ئادەملەرنى بىلىملىك قىلىش ئۈچۈن ئۆزىدەك ياخشىلار بىلەن بىرلىشىپ مەكتەپ ئاچتى. ئۇ مەكتەپكە پۇل ئىئانە قىلغۇچىلار ناھايىتى كۆپ. بۇ ئادەم بىر تەنزە ئېچىپ قويۇپ بالىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزى ھۆ-كۈمەتنىڭ پېنسىيە پۇلىنى يەپ ياتسا بول-ماسمىدى؟

— قانچىلىك پېنسىيە پۇلى بېرەتتى بۇ ھۆكۈمەتنىڭ. 300—400يۈز سوم دېگەننى بىز ئاش-خانىدا قاچا يۇيىدىغان يېنىدىپۇرۇشقىمۇ بېرىمىز.

— سەن ساختا كۆپ ئېچىۋالدىڭ، ھەر كۈ-نى ئېچىسەن، بوزدى-چاچتى قىلىسەن، ئاشۇ بوزدى-چاچتىلىرىڭنى تېجىسەڭ بىر نەچچە ئون مىڭ سوم بولىدۇ. خەلقنىڭ ئۈچۈن شۇنى بولسىمۇ بېرەي دېمەيسەن.

— نېمىشقا بېرەتتىم، خەلقنىڭ ماڭا نېمە بېرىپتۇ؟ مەن مۆمىن ئەپەندىلەرنىڭ مەكتى-پىدە شاخار تاسقاپ يۈرگەندە كىم ماڭا ئون تىيىن بېرىپتىكەن؟ مۆمىن ئەپەندىمۇ تەييار پۇلغا قول سوزغىچە ئىشلىسۇن، ئىشلەپ تې-پىپ مەكتەپكە خەجلىسۇن.

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە مۆمىن ئەپەندى-نىڭ ۋۇجۇدى سىلكىندى، غۇرۇرى يارىلاندى، لېكىن ئۇ چاندۇرمىدى. كۆڭۈل خورلىقىنى ئالىيجانابلىق بىلەن دەرھال ئالماشتۇرۇشقا تىرىشىپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ياخشى ئەقىل، مەن ئىشلەشكە تەييار!— دېدى.

— ئاڭلىدىڭمۇ ھەي ساختا، بۇ ئادەملەر خەلقى ئۈچۈن ھەممىگە تەييار، سەن بۇنى چۈشەن-مەيسەن، سەن بۇ خىل يۈرەكنى پۇل بىلەن سېتىپ ئالالمايسەن!

— ماڭا ئەخمەقنىڭ ئەمەس، ساختىلارنىڭ يۈرىكى كېرەك. ساختا يۈرەك پۇل تاپالايدۇ. ئەخمەقنىڭ يۈرىكى ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ بىر يۈك!

— سەن ئەپەندىمنى ھاقارەتلىمە جۇمۇ!

— ياق، پازىل ئۇكام، بۇ ھاقارەت ئەمەس، سەمىمىي تەنقىد، — دېدى مۆمىن ئەپەندى قى-زىرىپ.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە باياتىدىن بې-شىنى ساڭگىلىتىپ ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغان ھۇشيار ئەلەمدىن ۋارقىرىۋەتتى:

— سەن پازىل تاغا، ئاغزىڭغا باق جۇمۇ؟ سەن ئاپامنىڭ بىر قۇرساق ئىنىسى، مېنى ئالدىڭغا دادام بىلەن ئاپام تاپقان-تەرگىنى-نى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ ياخشى نىيەت بىلەن ئەۋەتكەن. تىل ئاڭلىسۇن دەپ ئەۋەتمىگەن!

— ساڭا نېمە يوق قىسىرەندە، — دېدى پازىل دېقماق قولىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، — شىڭگىلدى-مايلا قايىنايدىغان بىر نېمە ئىكەنسەنغۇ، ھا، ھا، ھا... ھى، ھى، ھى!...

— بولدى! — ھۇشيار دەلدەڭشىپ ئورنىدىن تۇ-رۇپ جوزىغا ئالقىنى بىلەن ئۇردى.

— پاھ، قاراڭلار ھەي بالىلار مۇنۇ مېنىڭ نوچى ئۇكامنى!

ئۇنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئىككى قاۋۇل يى-گىت كەلدى-دە، ھۇشيارنى خۇددى توخۇنى بوغۇزلىغىلى ئېلىپ ماڭغاندەك ۋارقىرىتىپ سىرتقا ئېلىپ ماڭدى.

— سەگىتىپ قويىدۇ، — دېدى پازىل ئالدىدىكى رومكىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، — ئەنسىرىمەڭ مۆمىن ئەپەندىم، ئۇ قولىخۇا مېھمانخانىسىدىن باش-قا يەرگە بارمايدۇ.

ئىلھام كاسكا بىردىنلا جىمىپ قالدى. ئۇ گەپكە ماھىر بولغىنى بىلەن توخۇ يۈرەك ئىكەن-دە!

—ئاداش پازىل، مېنىڭ پۇلۇمنى بېرىۋەت، مەن باشقا كۆرۈپپىغا قاتنىشاي!

—نېمە؟ ئەتىگەنلىككە دەرسۇي ناھىيىسىگە ماڭىسەن. مۆمىن ئەپەندىمۇ بىللە بارسۇن، پۇلنىڭ قانداق قولغا كىرىدىغانلىقىنى بىر كۆرسۇن، ئاندىن كېيىن ئىئانە ئۈچۈن ئېغىز ئاچسۇن. قانداق دېدىم لاۋبەن يىگىتلەر، - دېدى ئۇ چىرايلىق كىيىنگەن پۇلدارلارغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ،- مۆمىن ئەپەندىم ئەڭ ياخشىسى لۇشياڭجى توشۇيدىغان بالىلار بىلەن ئىشلىسۇن. ئۇ ئادەملەرنىڭ 50 - 60 سومنى قانچىلىك جاپا بىلەن تاپىدىغانلىقىنى بىر كۆرسۇن!

— بولدى دەيمەن، پازىل سەن بۇ كىشىگە ئەدەبسىزلىك قىلغىلى تۇردۇڭ جۇمۇ!

ئىلھام كاسكا شۇنداق دېدى - دە، يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

—بىلەمسەن پازىل، سەن بىلەن مەن ئۆلسەك ھېچنېمە قالمايدۇ. پۇل دېگەننى ئۇ ئالەمگە ئەكەتكىلى بولمايدۇ - دە! ئىنسان پۇلى بىلەن ئەمەس، قىلغان ئىشى بىلەن قەدىرلىك!

— ئۇنداق بولسا، بۇ يەرگە نېمىگە كەلدىڭ؟ نېمىشكە ھۆكۈمەت كادىرى تۇرۇپ ئايلىقىڭنى يەپ ياتماستىن، بىرنى ئون قىلىمەن دەپ بۇ يەرلەردە تىمىسقىلاپ يۈرىسەن؟

— دۇرۇس، پۇلغا ئامراقمەن، پۇللۇق بولسام دەيمەن، لېكىن پۇلدارلىقنىڭ ۋەھشىيلىك بىلەن قېرىنداش ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىمەن. قارىغىنا، قاراپ تۇرۇپ ھەدەڭنىڭ بالىسىنى پۇل ئۈچۈن ئۇچۇغدىدىڭ. ناۋادا ھېلىقىدەك كۈنلىرىڭ بولسا، شۇنداق قىلارمىدىڭ؟

—قىلالمايتتىم، پۇل مېنىڭ كۈچۈم، بۇيرۇقۇم، قورالىم، مەن بۇنىڭغا ئىقرار. ئەمما مەن سەن دېگەندەك ۋەھشىي ئەمەسمەن. بىز پۇل تاپىمىز دەپ ئۆتكۈر تىغنىڭ بېسىدا ماڭىمىز. تاياق يەپ ئۆلگەن، خىروئىن چېكىپ سېسىپ ياتقان، ماشىنا - ماللىرى بىلەن ئون نەچچىسى بىراقلا كۆيۈپ ئۆلگەن ئەزىمەتلەرنىڭ ھەممىسى مانا شۇ پىچاقنىڭ بېسىدا مېڭىپ بىز بىلەن خوشلاشتى. يەنە قانچىمىزنىڭ ئۆلۈكى بۇ ياقا يۇرتتا قالىدۇ، كىم بىلىدۇ تېخى؟ نېمە دېسەڭ دېگىن مەن مۆمىن ئەپەندىگە مەكتەپكە خەجلەشكە پۇل بەرمەيمەن. نەچچە مىليون سوم سېسىپ كەتسىمۇ مەيلى، پۇلۇمنى بۇزۇق قىزلار، نانقېپچىلار يەپ كەتسىمۇ مەيلى، مەن مەكتەپكە پۇل بېرەلمەيمەن!

— ھېچكىم تېخى ساڭا قول سۇنغىنى يوققۇ؟

—كەلدىمۇ، بولدى. قول سوزدى دېگەن مۇشۇ!

مۆمىن ئەپەندىنىڭ چىرايى يەنە ئۆزگەردى. لېكىن ئۇ بۇ «دىۋانە» دېگەن ئاتاق بىلەن كەلگەن خورلۇقنىمۇ تەمكىنلىك، خوشاللىق (سۈنئىي بولسىمۇ) بىلەن كۈتۈۋالدى:

—قول سوزىمەن تېخى ئىنىم، ھۆرمىتى كېلىدىكەن تىزلىنىشقىمۇ تەييارمەن!

—ئاڭلىدىڭمۇ، پۇل دېگەن مانا شۇنداق مەن - مەن دېگەنلەرنى تىزلاندۇرىدۇ!

— ھەي كاللىسى ئىشلىمەيدىغان ساختا ساڭا ئەمەس، پۇلۇڭغا ئەمەس، خەلققە، خەلقنىڭ پەرزەنتلىرىگە تىزلىنىمەن دەۋاتىدۇ، مۆمىن ئەپەندىم!

مۆمىن ئەپەندى ياشاڭغىراپ تۇرغان، قېرىلىق بىلەن خىرەلەشكەن مۇلايىم كۆزلىرىنى ئىلھام كاسكىغا تىكتى. ئىلھام بۈگۈن ئۇنىڭغا ئالىيجاناب، يېقىملىق بىر دانا سۈپىتىدە كۆرۈنمەكتە. ئۇ مۆمىن

دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىغان گەپلەرنى ئۇدۇل - ئۇقۇشلۇق قىلىپ سۆزلىمەكتە. زىياپەت قاتناشچىلىرى ھېچقاچان ئىلھامىدىن بۈگۈنكىدەك رازى بولمىغان ئىدى. سەنيۇەنلى بازىرىنىڭ بىر ھۆكۈمدارى ھېسابلانغان پازىل ساختىمۇ كىچىكىدىن بىللە ئويناپ ئۆسكەن دوستىنىڭ سۆزمەنلىكىگە قايىل بولدى.

— ئەمما، — دېدى ئۇ رومكىسىنى ھاۋادا ئايلاندۇرۇپ، — مۇنۇ كاسكىنىڭ گەپلىرى ئۈچۈنلا بۈگۈن مىڭ سوم خەجلىيمەن. يەنە بىر دېگىنە، ستالىن ئۆلگەندە بانكىدا بىر تىيىنمۇ پۇلى قالماپتىكەن دېدىڭما؟

— ھەئە شۇنداق. ئۆمرىدە پۇل دېگەننى تۇتۇپمۇ باقمىغان لېكىن مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان ئادەملەر بار. بىلەمسەن پازىل، نوبېل دېگەن ئالىم پۈتۈن پۇلىنى دۇنيادىكى تۆھپىكارلار ئۈچۈن مۇكاپاتقا بەردى. فەيسال پادىشاھمۇ نەچچە مىليارد سوم پۇلىنى خەلقئارا مۇكاپاتقا تەقدىم قىلدى. ماۋدۇن دېگەن يازغۇچىمۇ ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ سوم پۇلىنى يازغۇچىلارنى مۇكاپاتلاشقا تەقدىم قىلدى. بۇنداق مىسالدىن نەچچە مىڭنى ساناپ بېرىمەن ساڭا. بىلىپ قوي، ئىنسان پۇلدىن قىممەت، ئىنسان ئەقلىنى، ئىنسان ئەخلاقىنى ھېچقاچان پۇل بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ.

— ئۇنداق بولساڭ نېمىشكە بەرمەيسەن، بۇلتۇر ئون مىڭ سوم بىلەن كېلىپ ئىككى ئايدىن كېيىن ئوتتۇز مىڭ سوم بىلەن قايتتىڭ. بۇ يىل يەنە كەپسەن، گەپ ساتقىچە، ئەركەك بولغاندىكىن، مۆمىن ئاكاڭنىڭ مەكتىپىگە ئون مىڭ سوم بەرمەمسەن قېنى؟

— ئالتە بالامنى ياخشى ئوقۇتۇپ يارامىلىق ئادەم قىلىمەن دەپ مۇشۇنداق قىلىپ يۈرىمەن. ئالتە بالامۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى، ئۇلارمۇ خەلق!

كۆپچىلىك كۈلۈشتى، چىندىدىلىك پەسەيدى. مۆمىن ئەپەندى رومكىسىنى قولىغا ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، پازىلدىن باشقا يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى رومكىلىرىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى.

— يامان ۋاقىتتا كېلىپ قاپتىمەن. ئوقەتچىلىرىمىز جىق ۋەيران بوپتۇ. ھال ئېيتمايدىغانلار ئاز ئىكەن. لېكىن قۇرۇق قول كېتىشكە يۈزۈم چىدىمايدۇ. ھېچ بولمىسا پازىل ھاجىم ئېيتقاندەك مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە ئوقەت قىلىپ پۇل تاپىمەن. مەكتەپ ئۈچۈن، ياشلىرىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشنى قىلىشقا تەييارمەن! ياشلارنىڭ ئىستىقبالى، ئىنسابى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى!

كۆپچىلىك كۈلكە - چاقچاق بىلەن رومكىلىرىنى بوشاتتى.

3

ياپيېشىل ئورمان، سۈيى مول دەريالاردىن ئۆتۈپ، دەنسۇي ناھىيىسىنىڭ بازارلىرىدا ئەركىن تاماشا قىلىپ ئۇنىڭ مۇشۇ يېزىغا كېلىپ ئورۇنلاشقىنىغا مانا بۈگۈن ئون سەككىز كۈن بوپتۇ. ئون سەككىز كۈندىن بېرى ئۇ نېمىلەرنى قىلمىدى، نېمىلەرنى كۆردى، نېمىلەرنى ئاڭلىمىدى؟ قىلغان ئىشى يىگىتلەر بىلەن كېچىلەپ چىغىر يوللاردا، ئورمانلاردا مۆكۈپ يۈرۈش، قولىغا بىر - ئىككى كارۇپكا تەككەندىن كېيىن نامى قورقۇنۇچلۇق خادىملارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ ئۆمىلەپ، يۈگۈرۈپ نامەلۇم ئادەملەرنىڭ قولىدىن ئالغان بۇ 62 - Ve ماركىلىق چەتئەل مېلىنى قۇچاقلاپ يۈگۈرۈش ۋە ئۇنى خوجايىنىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ 50 - 60 سوم پۇلغا ئىگە بولۇش. ئامىتى كېلىپ قالسا بىر

كۆزدە ئەككىسى قېتىم ئەككى خوجايىنىنىڭ قولى بولۇپ مال. تۇتۇپ يۈز نەچچە سوم تاپالايدۇ. بۇنداق كۈنلىرى خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق؛ مەستلەر، چىرايلىق كېپلەر، ناخشا - كۈلكىلەر كۆپىيىدۇ. لېكىن ئەتكەسچىلىكنىڭ سۈزۈك ئاسمانلىق كۈنلىرى كۆپ ئەمەس، بۇلۇتلۇق — يەنى مەخسۇس بۇ توشۇغۇچىلارنى پايلاپ ياتقان بازار باشقۇرغۇچى ياكى قوغدىغۇچى خادىملارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىغان كۈنلەرمۇ بولىدۇ: مال مۇسادىرە قىلىنىدۇ، خوجايىن ئەككى يۈز سومغا ئەگە بولۇش ئۈچۈن خەجلىگەن مىڭ سومنىڭ، توشۇغۇچى باللار بولسا ئەگە بولالمىغان 50 - 60 سومنىڭ خاپىچىلىقىنى ئىچىش، چېكىش، تىللىشىش، ھەتتا مۇشتلىشىش بىلەن چىقىرىدۇ. بۇنداق ماجرالار بىلەن خاپىلىقتىن قۇتۇلۇش يوللىرى مۆمىن ئەپەندى ئۈچۈن بۇرۇن تولىمۇ سەت، يىرگىنىشلىك بىلىنگەن ئىدى، ھازىر ئۇ بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قالدى: دېمەك، سۆيۈملۈك، چىرايلىق يىگىتلەر دەرەخ تۈۋلىرىدە، كۆۋرۈك ئاستىلىرىدا پاشىغا تالىنىپ، ئاچ - ئۇيقۇسىز سائەتلەپ يېتىپ، ئاخىرىدا مالنى تارتقۇزۇپ قويىدىغانلىقىڭلار ئۈچۈن خوجايىنىنىڭ قوپال تىلىغا ئۇچرايسىلەر، خوجايىن ئۈچۈن بىرنەچچە مىڭ سوم ھېچگەپ ئەمەس، لېكىن سىلەر ئۈچۈن 50 - 60 سومدىن مەھرۇم قېلىش ھاياتلىقىنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىغا تىقىلىش دېگەن سۆز. ئاغزىدىن ئانا سۈتى كەتمىگەن قاراكۆزلىرىم ئاتا - ئانىڭلار سىلەرنى ھەر كۈنى، ھەر سائەت ئويلايدۇ. ھەر كېچە ئۇلارنىڭ چۈشى سىلەر بىلەن. لېكىن سىلەر ئاتا - ئانا مېھرىنى ئالالىقاچان ئۇنتۇغان، سىلەرنىڭ ۋۇجۇدۇڭلار پۇل دېگەن بىرلا مەۋھۇم چۈشەنچە بىلەن چىرمىلىپ كەتكەن...»

مۆمىن ئەپەندى يېنىدا ياتقان ئەككى يىگىتنىڭ بېشىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە يۇقىرىقىلارنى دېدى. ئۇنىڭ ئولتۇرغان يېرى بىر ياش تېخۇمەك دەرەخنىڭ تۈۋىدىكى زەي يەر. باللار كېچىچە ساقلىدى، يۈگۈردى، 50 - 60 سومغا ئېرىشىش ئۈچۈن خۇددى دۈشمەن ئىستېھكامىغا ماڭغان جەڭچىدەك جىددىيلەشتى، قەيسەرلەشتى، ئاخىر ئۆزىدەك ياش، لېكىن قوپال يىگىتلەرنىڭ مەنىسىنى بىلگىلى بولمايدىغان تىلى، دوقۇسلاش ۋە سىلكىشلىرىدىن كېيىن قوللىرىدىكى تۆت دانە لېشىياڭجىدىن ئايرىلدى. خوجايىن - گەپ قىلمايدىغان، قاپاق ئاچمايدىغان ئادەم:

— بىر يولدا ماڭغۇبىرەمسەن، يەرشۇنچە كەڭ تۇرسا، ۋۇي نانقېپىلارا — دەپلا قويدى. بۇ سۆزلۈك ئادەم بىزنداق باللاردىن يىگىرمە نەچچىسىنى ئىشلىتىدۇ. بۇ ئەككىسىنىڭ زىيانلىرىنى تۇتۇلمىغانلار تۆلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ پۇلى بۇنىڭلىق بىلەن ئازلىمايدۇ. باللارنىڭ زىيان تارتقىنىنى تارتقان. چوڭلار تۈمەن - تۈمەن پۇللارنىڭ كېيىنى قىلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ پايدىلىرىمۇ، زىيانلىرىمۇ تۈمەن بىلەن ئۆلچىنىدۇ. لېكىن ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە جىق جاپا تارتقان مۇنۇ باللارنىڭ پايدا - زىيانلىرى يۈزدىن تۆۋەن رەقەملەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن ئۇلار مۇشۇ ئەككى خانىلىق رەقەم بىلەن كۈلەلەيدۇ، ياش تۆكەلەيدۇ...

دېچارلەر — دېدى مۆمىن ئەپەندى ئەككى بالىنى ئاچكۆز، قاپقارا پاشىلاردىن قوغداپ شىلەپىسى بىلەن باللارنى يەلپۈپ تۇرۇپ، — ئوقۇيدىغان، دۇنيا، ئىلىم، خەلقنىڭ تەغدىرىدە ئويلايدىغان چېغىڭ ئىدى، ئەجەبا سەن بۇلاردىن بىزار. سەن ئەككى خانىلىق سان بىلەن ئىپادىلىنىدىغان پۇلنىلا ئويلايسەن. سىلەردەك چىرايلىق،

ئەقلى قىسقا يىگىتلەردىن مۇشۇ گۈزەللىك ئۆلكىسىدىلا نەچچە مىڭى بار ئىكەن. چىمەيى، گۈاگيەن، چاڭخۇا، جىلۇڭ، يىڭچەنلۇ دەيدىغان سارايلارنىڭ ئەڭ ئەرزىنى، قاتتىق كارىۋاتلىرىنى سىلەرگە جەننەت، شۇ يەرلەردە يېتىشىنى سىلەرگە شېرىن ئارزۇ. كۆۋرۈكلەرنىڭ ئاستى، كۆللۈكلەردىكى يۇمشاق چىمەنلىكلەرنى سىلەرگە ۋەھىملىك. سىلەرنى ئىنسان لېكىن ئۆزۈكلارنى ئۆزۈكلار رەت قىلغۇچى. نېمىشكە ئۆز يۇرتۇڭدا ئاتا - ئاناڭ، دوستلىرىڭ بىلەن كۆڭۈللۈك كىتاب ئوقۇپ، مۇڭدىشىپ، ئوينىشىپ، گۈزەل ئىشلارنىڭ كويىدا باش قاتۇرۇپ ياشاشتىن بۇ يەرگە كېلىشكەن-سىلەر - ھە؟ . . .»

– ئەپەندىم، بۇ يەردىكەنلا، قويسىلا بۇ شىمەتەكلەرنى، پاشىغا ئۆلەتتىمۇ، تاياق بىلەن ئاچلىقتا ئۆلمەيدىغانلار تۇرسا ! . . .

ئىسلامخان ئىسسىلىك چىرايلىق (لېكىن چىرايىنىڭ خۇنى يوق) بۇ ئايالنىڭ تونۇش ئاۋازى مۆمىن ئەپەندىنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. ئايال ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتى، ئۇنىڭ يېتىلگەن كۆكسى ئەپەندىنىڭ مۈرىلىرىگە تەگدى. ئۇنىڭ تېنى جۇغۇل-دىدى، ۋۇجۇدىدا ياشلىق، يىگىتلىكنىڭ يالدامىسى بولغان جىنسىي ھەۋەس ئۇچقۇنى يالت قىلىپ قالدى.

– سىڭلىم نەگە؟ – ئۇ، ئايالنىڭ قوللىرىنى بوشقىنە تۇتۇپ سورىدى.

– ياتاققا، تاماق تەييارلاپ قويدۇم، جۇرسىلە دەيمەن.

ئايال مۆمىن ئەپەندىنى يېرىم قۇچاق-لىدى. مۆمىن ئەپەندى بەدىنىدە بولۇۋاتقان ئىنتىلىشنى تىزگىنلىمەك بولۇپ ئۆزىنى قاچۇرۇۋىدى، ئايال ئۇنىڭ بەللىرىدىن چىڭ قىزچاقلاپ ئېڭىكىنى ئەپەندىنىڭ مۈرى-سىگە قويۇپ قولىقىغا پىچىرلىدى:

– ياتاقتا يۈكۈن يالغۇزمەن، ناشايان ئىشتا مەن يوق دېسىلە. خۇدا يولىدا نىكاھلىنايلى ئەمىسە، ئاياللىرى، بالىلىرى بولسا نېمە بوپتۇ. بۇ يەردىكى ئەر - خوتۇن بولۇشقانلاردىن قايسىسىنىڭ ئۆز يۇرتىدا ئۆي - بالا - چاقىسى يوق دەيلا؟

– قانۇنچۇ سىڭلىم؟

– قانۇن بولسا نېمە بوپتۇ...

– تاماق يەيلى، لېكىن . . .

ئۇلار دېھقاندىن ئىجارىگە ئالغان پاكار، زەي ئۆيگە كىردى. ئۆي خىرە يورۇق، دىمىق ئىدى. ئىسلامخان يېرىم يالىڭاچ، پۇتىغا ساپما كەش كىيگەن ھالدا چۇۋۇل-غان چاچلىرىنى تۈزەپ مۆمىن ئەپەندىنىڭ ئالدىدا نازلىنىپ سۈركىلىپ - ياتىشىپ تۇراتتى.

– سەت بولدۇ سىڭلىم، بىرسى كۆرۈپ قالسا . . .

– بۇ يەردە سەت دېگەن گەپ يوق. بۇ يەردىكى ئۈيغۇرلار ھايا، سەت، ئىنساب، مېھرى - شەپقەت دېگەنلەرنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ بولۇشتى ئەپەندىم. ئۇنتۇمىغان بىرلا سىلى بار، شۇڭا دىلىم سىلىنى تارتتى. بولمىسا سىلىنى نېمە قىلىمەن، سىلىدە ياچىراي بولمىسا، بۇتخانىنىڭ راھىبلىرىغا ئوخشايلا، يا پۇل بولمىسا، ساقاللىرىنى بىر باغ بېدىدەك قىلىپ شۇمتەكلەر بىلەن لۇشياگجى توشۇپ يۈرۈيلا... بىلەملا، مەن ئون ئىككى قېتىم نىكاھ-لاندىم، بىرمۇ قېتىم نىكاھلانماستىن بىرسى بىلەن بولمىدۇم . . . ئىسلام دېگەن نامنىڭ ھۆرمىتى، بولمىسا ھەر كۈنى مەنمۇ 3 - 4 نى ئۈزدىتالايمەن. ئۆيدىن چىقمايلا كۈنىگە 2 - 3 يۈز سوم تاپالايمەن. قارىسىلا، چىرايىم جايىدا، چىرايلىقمىكەنمەن؟ پۇلۇممۇ بار. 2 - 3 تۈمەن بىلەن كېلىپ

كوچىدا قالغان ئايالللار، خىروئىننى چېكىپ كۆكۈرۈپ ياتقان قىزلار ئازمۇ؟ مەن ناشايان ئىش قىلمىدىم. ئېزىرۇپ-يىپىغا بىر تۈمەن قوشتۇم. كېچىسى ئەرلەر بىلەن بىللە ئەتكەس مال توشىغىلى چىقىمەن، سىرتتا قونۇپمۇ قالىمەن، لېكىن پاكىز مەن. نى-نى لاۋبەنلەر تەلەپ قويدى. بىر كېچە بىللە بول، مىڭ سوم بېرىمەن دېدى. لېكىن مەن نىكاھ قىلغىزۇق، بولمىسا يولىڭىزغا مېڭىڭ دەپ دولىسىغا ئۇردۇم. سىلىدىن باشقا ئادەمگە مېنى ئەمرىڭگە ئال دەپ زورلۇق ئۆرمىزدۇم. مەن ئويلايمەن، سىلىنىڭ خۇدا قىرشقان خىرتىزلىرى بولىۋالسام ئىمانىم پاك بولىدۇ. نېمىشقا دەملا؟ سىلى ئەخلاق، ئىنساب، پاكلىقنى ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرمەيدىكەنلا. پازىل توگىغۇزدەك قارا كۆڭۈل ئادەمنىڭ خېنىمى بولغىچە، سىلىدەك ئادەمنىڭ مالىيى بولغان ياخشى!

ئايال بىردىنىلا بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى — دە، بېشىنى مۆمىن ئەپەندىنىڭ مۈرىسىگە قويدى. مۆمىن ئەپەندىنىڭ كۆڭلىدە، دېمايمىز، دىلىدا كىرى يوق بىلىنگەن ناتونۇش ئايالغا ئېچىنىش، ئىچ ئاغرىتىش ھېسسى ئويغاندى — دە، ئايالنىڭ چاچلىرىنى سىيلاپ ئۇنى قوپال شال پاخىلىدا توقۇلغان بىررا سېلىنغان ئىككى كىشىلىك تۆمۈر كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزدى. ئۇ، بىچارىلەر بىلەن مۇڭدىشىشقا تولىمۇ ئامراق. ئۇنىڭ كۆڭلى بىچارىلەرگە ھېسداشلىق قىلىش بىلەن ئارام تاپىدۇ. ئۇ، ئايالنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ:

— قېنى سۆزلەڭ قىزىم، ھە بوپتۇ سىڭلىم، بۈگۈن كېچە مېنىڭ يېنىمىزدا بولاي. ھويلىغا ئارانلا چىقالايدىغان مومىيىم بار، بىر كۆزى كۆرمەيدۇ، شۇنىڭ چۈشىگە كىرىپ قالماي جۇمۇك. يېنىمىزدا بولمەن، لېكىن كېيىمىزنى ئاڭلاشتىن باشقىغا . . .

— ھا، ھا، ھا، — ئىسلامخان شۇنداق قاقاقلاپ كۈلدى. بەختىلىك ئاياللارلا شۇنداق قورقماي، تەبىئىي، جاراڭلىق كۈلەلەيدۇ. مۆمىن ئەپەندى بۇنى ياخشى چۈشەندى. لېكىن چۈشەنگىنى بىلەن بۇ ئايالنىڭ بەخت كۈلكىسى ئۇنىڭغا نېمە ئېلىپ كەلدى؟ گۇناھ، ئازاب ۋە كۆڭۈل غەشلىكى. مانا ئايال كۈلۈپ بولۇپ مۆمىن ئەپەندىنى قۇچاقلىدى، مۆمىن ئەپەندىنىڭ قورۇق باسقان قولىغا سۆيدى ۋە بېشىنى مۆمىن ئەپەندىنىڭ يامپىشىغا قويۇپ ئوڭدا يېتىپ تۇرۇق، تارتىلىق چوك يامپاشلىرى بىلەن ئىككى تال چوڭقۇر سىزىق چۈشكەن ئاپئاق بويىنىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە خۇددى يېڭىلا پىشقان شېرىن چىلگىدەك چىك تۇرغان بىر جۈپ جەلپلىك ئەزاسىنى نامايان قىلىپ ئۇزماق لەۋلىرىدىن تەبەسسۇم سۇنۇپ، شەھلا كۆزلىرى بىلەن مەستخۇشلۇق پۈزرىقى چېچىپ، مۆمىن ئەپەندىنى ئەخلاق نىزامىنى بۇزۇشقا دەۋەت قىلماقتا. ئۇ ناۋادا ئايالنىڭ تەلىپىگە جاۋاب بېرىمەن دېسە، ئۆمرىدە قىلمىغان ئىشنى قىلىشى، يەنى ئۆمۈرلۈك يولداشىنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇشى، ئايالىدىن باشقىغا كۆڭۈل بېرىشى كېرەك. لېكىن بۇ خىل قارامىلىق مۆمىن ئەپەندىگە يات. چۈنكى ئۇ ئاتمىش تۆت يىللىق ھاياتىنىڭ ئايال جىنسى بىلەن باردى - كەلدى قىلغان قىرىق بەش يىلى ئىچىدە بىرلا غۇنچىدىن ئىسىلىك بىر كۆزى ئەما (ۋاللەي ئويناپ تاپقان قازا) ئايالىدىن باشقا ھېچقانداق ئايالنىڭ قولىنى تۇتمىغان، تىنىقىنى ئاڭلىمىغان، شېرىن سۆزىگە قۇلاق سالمىغان. مانا ئەندى ھايات يولىنىڭ ئاخىرقى بېكەتلىرىدە ئۆمۈر دەپتىرىگە داغ چۈشۈرسۇنمۇ؟

— ئىسلامخان قىزىم! — دېدى ئۇ «قىزىم» سۆزىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ، — سىز مېنىڭ ئىككىنچى قىزىم بىلەن بىر قىزىبى. مېنى ناشايان ئىشلارغا زورلىماڭ. مەن بۇ يەرگە كۆڭۈل ئاچقىلى ئەمەس، ئەۋلادلارنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن بىر كىشىلىك خىزمەت قىلغىلى كەلدىم. دېدىمىغۇ، مەن سىزنىڭ دەردىڭىزنى ئاڭلاشتىن باشقىغا يارىمايمەن. مېنى قىينىماڭ، بولمىسا مەن بۇ يەردىنمۇ، گۇاڭجۇ شەھىرى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىنمۇ قېچىپ كېتىمەن!

ئۇ، شۇنداق دېدى - دە، كاردىۋاتتىن دەس تۇرۇپ ئىشىك تۈۋىدىكى بامبۇك قوۋۇزىقىدىن توقۇلغان ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردى.

ئىسلامخان ئۆز ھاياتىدا ئۆز خاھىشىنى ئاڭلىق رەت قىلغان ئادەمنى تۇنجى قېتىم كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىنسان ئىچىدە تېخى ئۆزى چۈشىنىپ يەتمىگەن پاكلىق مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن ھەيران قالدى: ئىنسان راھەت ئۈچۈن، كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن ياشىمىسا ھاياتنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن - ئە؟ مۇنۇ يارامسىز قېرى ئۆزىنىڭ ھوزۇر - ھالاۋىتىگە لاياقەتسىز ئىكەنلىكىنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن بوشۇرۇۋاتامدۇ ياكى راستلا بۇ دۇنيادىكى ئەركەكلەر ئىچىدە ئۆز بەختىنى بىرلا ئايالغا باغلاپ قويغان ھاماقەتلەر بارمۇ؟ ئىسلامخان شۇنداق ھاماقەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا زادىلا ئىشەنمەيتتى ھەم ئۇنى خالىمايتتى. ئۇنىڭچە، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ ھازىرقى زىناخورلارغىچە بولغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسىلا ئايال بەدىنىدىن لەززەت ئىزلىگۈچىلەر. ئۇلار بىردەملىك لەززەت ئۈچۈن دۇنيادىكى ھەممە شېرىن گەپلەرنى قىلىدۇ، ھەممىنى قىلىشقا ۋەدە بېرىدۇ، ھەممىنى سېنى ئۈچۈن قۇربان قىلىشقا قەسەم ئىچىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ نەپسى قانغاندىن كېيىن، ئۇ لەززەت بەرگۈچىگە نەپرەت بىلەن قارايدۇ. ئۇنىڭغا ئايالنىڭ يوشۇرۇن ئەيىبلىرى: كۆز چانىقىدىكى قورۇقلار، قولتۇقىنىڭ پۇرىقى، چاچلىرىنىڭ يىرىكلىكى، بەدىنىنىڭ تېخۇ ئەتلىكى، ئاۋازىنىڭ سۈنئىيلىكى مەلۇم بولۇشقا باشلايدۇ - دە، ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلەپ: «مۇشۇ ناچار خوتۇن بىلەن كۆڭۈل ئاچتىممۇ، تۇفى ۋىجدانىمغا!» دەپ ۋارقىرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرلەر يىرگىنىشلىك، ئەرلەرنىڭ ھەممىسىلا ۋەھشىي ھاڭگا ئىشەك . . . لېكىن ئۇ، مۇنۇ قېرىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام چېغىدا تۆت خوتۇن بىلەن نىكاھلانغان، بۇ قېرى، پەيغەمبەردىنمۇ ئۇلۇغمۇ؟ ستالىن، ماۋزېدۇڭلارمۇ بىر نەچچە خوتۇن ئالغان، بۇ قېرى ھازىرقى زامان ئەخلاق - پەزىلىتىنىڭ پىرلىرىدىنمۇ ئۈستۈنمۇ؟ ياق، بۇ قېرى ئىسلامخاننى سىناۋاتىدۇ، سىر ساقلىمايدۇ دەپ قورقىۋاتىدۇ. بۇ قېرىنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتىش كېرەك . . .

ئىسلامخان مۇشۇ مۇلاھىزىلەردىن كېيىن مۆمىن ئەپەندىگە ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇمىنى باشلىدى:

— مەكتىپىڭىزگە مەن پۇل يىغىپ بېرەيمۇ؟ مېنىڭ بەدىنىم، كۆلكەم، مېڭىش - تۇرۇشلىرىممۇ پۇل!

مۆمىن ئەپەندى ئايال جىنسىدىن بۇ خىل گەپنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغاچقا، چۆچىدى، بىردىنلا ئۆگۈپ - تاتىرىپ، ئاندىن كېيىن ئۆزىنى تۇتىۋالدى.

— سىز ئوقۇغانمۇ، قىزىم؟

— ئوقۇغان، 10 - سىنىپنى ئەلا تۈگەتكەن.

— نېمىشكە بىر ئۇلۇغ غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلمىغانسىز — ھە؟

— كۈرەش قىلغان. ئېرىشكەن. لېكىن غايەم مېنى تاشلىدى.

— چۈشەنمىدىم، قىزىم.

— چۈشەنمەيدىغان نېمىسى بار؟ مېنىڭ غايەم ياخشى ئەر، ئۇۋاق باللار ئىدى. ئەرگە تەگدىم، لېكىن ئېرىم مەندىن چاندى. بىر دوستۇم ئۆيىدە قونۇپ قېلىۋېدى، مېنىڭ كۆزۈمچىلا ئۇ دوستۇمنىڭ قوينىغا ئۆگىمىدى. مەن تۇيدۇم، لېكىن ئېۋدەمنى قانغىچە چىشلەپ جىم ياتتىم. ئەتىگەنلىكى ئۆيۈمنى ئۇلارغا تاشلاپ بەردىم.

— شۇ سەۋەبتىن بۇياققا قاچقىپ چىقىپ كەتتىم دەڭا؟

— شۇنداق بولدى. پۇلمۇ تاپتىم، ئىككى قېتىم بولاندىم. ئىككى قېتىمدا ئالتەتۇمەن پۇلۇم بۇلاندى.

— ئاپلا، ماۋۇ نېجىسلارنى قاردىمامدىغان، تۆل خوتۇننى بولغىنىنى — ھە؟

— بولاڭچىنى بىلمەن.

— نېمىشقا سوتقا ئەرز قىلمايسىز ئەمەسە؟

— سوتقا ئەرز قىلمەن دەپ جېنىمدىن تويۇپ قالغىنىم يوق.

— ماڭا دەڭ، مەن سىز ئۈچۈن قانۇنغا بارىمەن قىزىم.

— ياق، سىز ئىشانە يىغقىلى كەلگەن، ئەپەندىم. سۇلتاننىڭ كالا كېسەرلىرى سىزنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، مەكتەپكە كىم پۇل يىغىدۇ.

— سۇلتان دېگەن كىم؟

— مۇشۇ يەردىكى قوشۇننىڭ باشلىقى.

— قوشۇن دېگىنىڭىز نېمە ئۇ؟

— بولاڭچىلار گۇرۇھى . . .

سىرتتا توخۇلار چىللاشقا باشلىدى.

## 4

ئىلھام كاسكىننىڭ ئىشلىرى تېز يۈرۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئۇقەتچى دوستلىرىنىڭ ئارىسىغا قېتىلدى - دە، دېگىز ياقىسىدىكى بۇ خىلۋەت يېزىدا يېرىم ئايدىن بېرى ناخشىسىنى ئىگىشىپ، ئۇيسۇزلۇقىنى ئىچىپ، ھەر خىل چەكلەنگەن سىنئالغۇ لېنتىلىرىنى زوق بىلەن كۆرۈپ، كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈۋەردى. ئۇنىڭ دوستى بۇ يەردە يۈزلۈك ئىكەن، ئېغىر - بېسىق، كەم سۆز بولغاچقىمۇ ياكى راستىنلا ئىشنىڭ يولىنى بىلگەچكىمۇ بۇ يەردە دېگىنىنى دېگەن، قىلغىنىنى قىلغان ئادەم ئىكەن. ئۇنى سىنئالغۇ ھايانكەشلىرى بىلەن ئالاقە قىلىدىغان يەرلىك خەخلەرمۇ ھۆرمەت قىلىدىكەن. بۇ يىگىرمە كىشىلىك گۇرۇپپا ئىجارىگە ئالغان ئىككى قەۋەتلىك ئۆينىڭ ئىگىسىمۇ ئۇنىڭ ھىمايىچىسى ئىكەن. ئۇنىڭ بازار باشقۇرۇش ئىدارىسى، «ئائىلىلىق ساقلىغۇچى ئەترەت» نىڭ ئادەملىرى بىلەنمۇ يېقىنچىلىقى بار ئىكەن. ئۇلار تۇرۇۋاتقان بۇ قورۇغا شېنجېن ئارقىلىق كىرگۈزۈلگەن چەت ئەل سىنئالغۇلىرى ئۇستى بېرزىن بىلەن يېپىلغان ماشىنىلاردا ھەر كۈنى نەچچە رەت كېلىپ تۇرىدىكەن. پېچەت - پېچەت سىنئالغۇ يەشىكلىرى بېسىلغان ئىسكىلاتلاردىن يەنە بۇ ئىشنىڭ پارچە ساتقۇچى سودىگەرلىرى ئارقىلىق ھەر كۈنى ئۇستى يېپىق موتسىكلىت ياكى ماشىنىلاردا سىنئالغۇلار سىرتقا مېڭىپ تۇرىدىكەن. يىگىتلەر ئەتىگەنلىكى يەرگە يورۇق چۈشمەستە چىقىپ كېتىشسە، يېرىم كېچىدە چارچاپ، چاڭقاپ يېتىپ كېلىشىدىكەن. ئۇلار نەلەرگە بېرىپ، نېمىلەرنى قىلىدۇ؟ بۇ ئىشلارنى ئىلھام كاسكىننىڭ بىلگىسىمۇ يوق. ئۇ، يىگىتلەردىن:

. تىنىمىزىڭ؟ — دەپ سورايدۇ. يىگىتلەر خۇشال ھالدا:

— بۈگۈن كېرىم ياخشى، — دەپلا قويىدۇ. كېرىم ياخشى، دېمەك ئىلھام كاسسىنىڭ بۇ كۈزرزەقا قىتىلغان پۇلى كۆپەيمەكتە، دېگەن سۆز. چۈنكى پايدا ئىچىدە ئۇنىڭمۇ بىر ئۈلۈشى بار-دە. كەچكىرگىچە بىكار يۈرۈپ، سالقىن ئاشخانىدا بىر ۋاق تاماق ئىچىپ، يىگىتلەرگە سوغۇق چاي تەييارلاپ قويۇش بىلەن كۈنىگە مىڭ سوملاپ پۇل تاپىدىغان ئورۇندا ناخشا ئېيتماي، خۇشال بولماي نېمە قىلغۇلۇق؟

ئۇ ئارىلاپ بۇ ئۆيىنى ئەگىيدىغان ھاياسىز قىزلارغا ياقچاقمۇ قىلىپ قويىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ يېنىغا قىزلار كېلىشى بىلەن، ئۇلارغا ئالداپ تىترەيدۇ. ئۇ بۇنداق قىزلار بىلەن يېتىملاشقاندا خۇددى ئوقۇتقۇچى ئاياللىرى ئالدىپ قاراپ تۇرغاندەك، ئەخلاق بىلەن چوڭ بولغان قىزلىرى ھۆپپىدە قىزىرىشقاندەك بىلىنىدۇ-دە، يالغۇز يەرگە بېرىپ يوشۇرۇنچە «تۇۋا» قىلىۋالىدۇ. ئۇنىڭغا ھاياتنىڭ قىزىقى ئاياللار ئەمەس، بەلكى پۇلنىڭ كۆپ بولۇشى. ئۇ ئومۇمىي ئەخلاق، ئىنساننىڭ قەدىر-قىممىتى توغرىسىدا كۆپ سۆزلەيدۇ، بۇ سۆزلەرنى باشقىلار ئاڭلىسىلا، ھەيران قالىدىلا ئۇ ئىچ-ئىچىدىن خۇرسەن بولىدۇ. لېكىن بۇ گەپلەرگە ئەمەل قىلىشنى ئۇچىغا چىققان ھاماقەتلىك دەپ بىلىدۇ: «ئىنساننىڭ ئىككى نەرسىنى ياخشى بىلىشى كېرەك، — دەيدۇ ئۇ بالىلىرىغا دائىم نەسىھەت قىلىپ، — ئۇنىڭ بىرسى پۇل تېپىش ۋە ساناپ خەجلەش؛ ئىككىنچىسى، ئادەملەر بىلەن چىقىشىش. بۇ ئىككىسىنىلا كاللاڭغا ئەقىل كېرەك. بۇ ئىككىسىنى ياخشى بىلگەن ئادەم باشقىلاردىن ئېلىپ يېيەلەيدۇ، باشقىلارغا بىر نېمە بەرمەي ئۇنىمۇ رازى قىلالايدۇ...»

دېمەسمۇ ئۇنىڭ بىر سەككىز ئالايىغىنىنى، قاتتىق گەپ قىلغىنىنى ياكى بىرسىگە بىر تىيىن قەرز بەرگىنىنى، بىرسىگە ھاجىتى چۈشسە قۇرۇق يانغىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۈگۈن كەچ ئۇنىڭ يېرىم ئايدىن بېرى قانچىلىك پايدا ئالغىنىنى بىلگۈسى كېلىپ دوستىدىن سورىدى:

— ئاخىرىدا بىراقلا بىلمەمسەن! — دېدى دوستى تەرلەپ كەتكەن كەڭ كۆكسىنى شامالدۇرغۇچقا تۇتۇپ. — ئىككى ئايدا پۇلۇڭ بىر ھەسسە ئۆسسە رازى بولارسەن؟

— ئۇ چاغدا سېنىڭ پۇلۇڭ نەچچە ھەسسە ئۆسىدۇ؟

— سېنىڭكىدىن ئاز ئۆسىدۇ.

— نەق سانىنى ئېيتە ھەي دوزاخ شوتىسى، تۆت تامدا ئوغرىلىقچە گەپ ئاڭلايدىغان ئەسۋاب يوق.

— سەن ئەسۋاب بولماي نېمە؟

— ھا، ھا، ھا، بۇ گېپىڭ جايىدا. دۇنيادا ئىككى خىل ئادەملەر سىرىسىنى ساقلاشقا قالتىس بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرسى، بېخىللار، يەنە بىرسى سۇيقەستچىلەر. سەن قايسىسىغا ياتىسەن؟

— كېيىنكىسىگە ياتمەن. مەن دېدىمغۇ، ئۇقەتتە پازىل ساختىمنى يىغىشتۇرغان كۈنۈم ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كەلمەسەن-دە، قالغان ئۆمرۈمنى بەش ۋاق ناماز بىلەن ئۆتكۈزىمەن.

— يارايسەن تەلئەت، ئۇنى قۇيپالماس قىلىۋەتكىنە. كۆردۈڭمۇ، تاسىلا قالدى مېنى قاپقانغا دەسسەتكىلى. پۇلۇمنى ئۇنىڭغا بېرىپ يانچۇقۇۋالدىم دېگىنە، بولمىسا مۇسادىرە قىلىنىۋېتىدۇ دەپ ھەممىنى يوقىتاتتىكەن. ھېلىقى ھوشيارنىڭ بىر تۈمەن پۇلى بىردەمدىلا يوقاپتۇ. ئۇلارنىڭ ماللىرى مۇسادىرە بولۇپ بەيپۇن پەيچۇسوسىغا قوللىرىغا مۇسادىرە

قىلىنىدى دەپ قەغەز بېرىپتىمىش. مېنىڭچە، ئۇ ساختا چوقۇم ساقچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇن نەچچە بىچارىنىڭ 24 تۈمەن پۇلىنى جايلىدى جۇمۇ.

— ئۇنىڭ قولىدىن ھەر قانداق يامانلىق كېلىدۇ. ھېلىقى بىچارە مۆمىن ئەپەندىم نېمىشقا بالىلارغا قېتىلىۋالدى؟

— «ئۇلار قانچىلىك ئېزىلىدىكەن شۇنى بىلگۈم بار» دەيدۇ دېگىنە. ئۇ بىر غەلىتە ئادەم. خىروئىن چېكىپ كاردىن چىققان بالىلارنى يىغىپ ئەكىتىدەن، بايلار بۇنىڭغىمۇ پۇل يىغىپ بېرىڭلار دەپ يوق يەردىن ئىش تېپىپ يۈرىدۇ تېخى. ئۇ تېخى ياكى بولمىسا مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدە خىروئىن بىلەن تۇتىشىۋاتقانلارنى قۇتقۇزۇش ئورنى قۇرايلى دەپ شېنجېندىكى لاۋبەنلەرگە يالۋۇرۇپ يۈرمەمدۇ. تىنىچ يۈرمەيدىكەنغۇ تاڭ!

— ياخشى ئادەمكىنا.

— ئەخمەقلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا راست ياخشى.

— ئىسلامخانىغا بەك ياققان ئوخشايدۇ. ئۇ ھازىر ئىشىنى قويۇپ مۆمىن ئەپەندى ئۈچۈن ئىئانە يىغىشقا چىقىپتۇ. تۈنۈگۈن شېنجېندا كۆردۈم: ئۇ يەردىكى لاۋبەنلەر خېلى بىر نەرسە بەرىدىغۇ دەيمەن. بۈگۈن كەچ بىزگە كېلىپ قالارمىكىن.

— سەن قانچىلىك بەرمەكچى؟

— بەرسەم بولارمۇ؟

— مېنىڭچە بەرمىگىن، ئۇنىڭ مەكتىپى بەرىبىر تاقىلىدۇ.

— كۆپچىلىك قوللىسىمۇ تاقىلامدۇ؟

— قانچىلىك ئادەم قوللايدۇ دەيسەن، ئەخمەقلەر بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتسا!

— سەن نېمىشقا ئالدىدا بىر خىل كەينىدە بىر خىل گەپ قىلىسەن ئىلھام؟ ئاڭلىسام، سەن ئۇ مەكتەپنى قالتىس ماختاپ پۈتتۈن بىر كېچە سۆزلەپسەنغۇ؟

— سۆزلىگىنىم قوللىغىنىم ئەمەستە. خەلق كۆڭلىسىنى ماختاپ قانچىلىك سۆزلىدىم. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىچۇ؟ بۇ قوللىغانلىق ئەمەس، مەن قوللىغان ئىشىمنى ھەرگىز ماختىمايمەن.

— مىسال كەلتۈرگىنە؟

— مەسىلەن، سېنى قوللايمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن دائىم تىللايمەن!

— ھا، ھا، ھا... ۋاي كاسكىيەي، قارا سېنىڭ ئىتلىقىڭنى!

— يارايسەن تەلئەت، توغرا دېدىڭ، ئىت بولالمىغان ئادەم ئەڭ ياخشى ئادەم بولالايدۇ.

ۋىجدان، ئار-نومۇسنى ئىگەم بەرمىگەن،
ئۆتكۈر كۆز، بۇرنۇم شەمشىرىم مېنىڭ.
بىر يىگى خوجايىن بېشىم سىيلىسا،
ئۆز ئىگەم ئەشەددىي دۈشمىنىم مېنىڭ!

ئاڭلىدىڭمۇ، مانا بۇ، ئىتلار گىمنىدىن پارچە.

— ھا ـھا ـھا... نەلەردىن تاپىدىغانسەن بۇنداق گەپلەرنى، بۇ كىمنىڭ شېئىرى؟

— بۇمۇ؟ بۇ ئىتشۇناس دوستۇم ئاتىللاكالپوكوپنىڭ شېئىرى.

— نېمانداق ئىسمى تەس بۇ ئادەمنىڭ؟

— ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ ئوخشاشلا تەس، گەپ قىلسا گېپىنى ئۇقماق تېخىمۇ تەس. مەسىلەن، سەن مەمەدانلىق قىلساڭ ئۇ: «ئېتىراز» دېگەن سۆز قايسى مىللەتنىڭ، «پارتىزانچۇ؟» دەپ سورايدۇ، سەن لام-جىم دېيەلمەيسەن.

— بىلىمگە بايكەن ـدە، ھە؟

— بىلىمگە باي بولغىنى بىلەن پۇلغا گاداي. يانچۇقىنى كولىساڭ ھېچقاچان پۈتتۈن ئون تىيىن چىقمايدۇ.

— مۇنداق دېگىن، «ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق» دېگەن شۇ.

ئۇلارنىڭ پاراڭلى راسا قىزىۋاتقاندا ئۆيگە يىگىتلەردىن بىرسى ئۆڭسىلى ئۆچكەن، ئاغزى

كەيكىمۇ كەلمەيس بولۇپ قالغان ھالدا ھاسىراپ كىرىپ كەلدى.

—نېمە بولدى؟

—كۆ... كۆ ... كۆيۈپ كەتتى!

—نېمە كۆيۈپ كەتتى؟ ئالدىرىمايلى سۆزلەگىنە!

تەلئەتنىڭمۇ، ئىلھامنىڭمۇ چىرايىدا بىردىنلا ۋەھىمە بولۇتلىرى پەيدا بولدى.

—پۇل كۆيدىمۇ؟

—ئۆيمۇ؟

—ماشىنىمۇ؟

يىگىت ھەممىسىگىلا بېشىنى لىڭشىتىۋەردى. ئىلھام ئۇنىڭغا سوغۇق چاي بەردى. ئۇ سوغۇق چاي ئىچكەندىن كېيىن ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى: خوتەنلىك يىگىتلەردىن ئوتتۇزتۆتى بىر گۇرۇپپا بولۇپ سىنىئالغۇ سودىسى قىلىۋاتقان ئىكەن. ئۇلاردىن 17 سى ئۈستى پولات يوپۇقلۇق ماشىنىغا لىق سىنىئالغۇ بېسىپ ئۆزلىرىمۇ كوزۇپقا چۈشۈپ كېلىۋاتقان ئىكەن، ماشىنا ئىتتىك يۈرۈلۈپ ئاغدۇرۇلۇپتۇ. شوپۇر كوزۇپنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتەلمەستىن قېچىپتۇ. ماشىنىغا ئوت كېتىپ ئادەملەر سىنىئالغۇ بىلەن قوشۇلۇپ پارتلاپتۇ. يىگىتلەردىن نۇرغۇنى ئۆلۈپتۇ، نۇرغۇنى كۆيۈپ تونۇغۇسىز بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ بالا-قازا پۈتۈن ئوقەتچىلەرنى ۋەھىمىگە سالپتۇ.

—مانا، پۇل دېگەن مۇشۇنداق رەزىل، — دېدى بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ بولۇپ ئىلھام كاسكا، — پۇلنى ئىنسان يارىتىدۇ، پۇل ئىنساننى يوقىتىدۇ. بىلەمسەن تەلئەت، بىز ئەزرائىل، جەبرائىللارنى كۆپەيتىش ئۈچۈن بۇ پاشىلىق يېزىدا پۇسۇرلاپ يۈرىمىز. نەدىن بولىسۇن مۆمىن ئەپەندىنى تېپىش كېرەك. ئۇ ئادەم چوقۇمكى ھېلىقى شوپۇرنى تېپىش ئۈچۈن ئەرز كۆتۈرۈپ بېيجىڭغا ماڭىدۇ!

—چاقچاق قىلما! — دېدى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن تەلئەت ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ، — تېزرەك كېتەيلى، ئۆلتۈرۈش ئۇرۇش، سولاش كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ئادەملىرىمىز خارلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ساق كەلدۇق، ساق كېتەيلى. مىليون سومنى قۇچاقلاپ ئۆلگەندىن قاتتىق نان غاجاپ ياشىغان ئەۋزەل.

—ئۇنداق ئادەم نېمىشقا ھايانكەشلىك قىلىسەن؟ — ئىلھام تەلئەتكە تىكىلىپ قاردى، — پۇلۇڭنى، خوجايىنلىقنى ماڭا ئۆتكەز، ئەتىلا ماڭ ئەمىسە. مەن سېنىڭ گېپىڭنىڭ تەتۈرىسىنى قىلىمەن، مىليون سومنىڭ ئىگىسى بولۇپ ھازىر ئۆلسەم ئارمىنىم يوق، ئەمما قاتتىق نان يەپ لوقمان ھەكىمدەك مىڭ يىل ياشاشنى خالىمايمەن. ھايات-پۇل ئۈچۈن كۆرەش. بۇنى سەن تېخى ھېس قىلمايسەن-دە؟

ئۇلارنىڭ كەچكى تامىقى كۆڭۈلسىز يېيىلدى.

## 5

ھۇشيار چىرايلىق يىگىت، ئۇنىڭ سۆزلۈك، ئاق يۈزىگە قاپقارا قاش-كۆزى، يالتىراپ تۇرىدىغان قارا بۇرۇتى تولىمۇ يارىشىقان. ئۇنىڭ قەددى-قامىتىمۇ قامىلاشقان، زىلۋا، مۇرىسى كەڭ، كۆكرىكى دولۇق. مودىلىق گاڭسار بىلەن ئالا-بۇلىماچ ئەمگەك رەختىدىن تىكىلگەن شىم كىيىپ، ساپما ئاياغ بىلەن «شەرق مەيخانىسى» ياكى «گۇاڭجۇ مېھمانخانىسى» ئالدىدا پەيدا بولسا، ئۇنىڭغا كۆز تاشلىمايدىغان قىز-چوكانلار كەم ئۇچرايدۇ. ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ «ئالقىنى»دا چوڭ بولغان ئەتىۋارلىق ئوغۇل بولغاچقا، ئۇنى ناۋادا پازىل ساختا خەت يازمىغان بولسا ئاتا-ئانىسى ھەرگىزمۇ بۇ يەرگە ئەۋەتمىگەن بولاتتى.

ھوشيار قاتتىق كارۋات، پاشىلىقى يوق تۆت كىشىلىك ياتاقتا خىيال ۋە پۇشايمان بىلەن ئولتۇرغىلى مانا تۆت كۈن بولدى. ئۇ ئانىسىنى، گېپى ئاز، لېكىن مېھرىبان دادىسىنى، تېخى بىللە سەيلىگىمۇ چىقمىغان لايىقىنى تولىدىن تولا ئويلىدى. پويىزدا كەلگەچكە قىلغان شېرىن خىياللىرىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپلا توزغاقتەك توزغىنىغا ئىچ - ئىچىدىن ھارسىندى، ئازابلاندى. يىگىتلەر بىلەن ئۆزى بىللە بولمىغان بولسا، بەلكى ئۇنىڭ بىر ئۈلۈشى بار ماللارنىڭ مۇسادىرە قىلىنغىنىغا ئىشەنمىگەن بولاتتى. لېكىن ئۇ ھەممىنى كۆردى، چىدىماي ساقچىلارنى تىللىدى، تاياق يېدى. ئۇلار ئاشۇ تۇنجى قېتىم بارغان يېزىدىن سىنئالغۇ سېتىۋالدى؛ بىر سىنئالغۇدىن 200 سوم پايدا قالىدۇ، سەككىز دانىسىدىن 1600 سوم پايدا. بىر كۈندە بۇنچىلىك پايدا تاپسا بىر ئايدا، بىر يىلدا قانچىلىك پايدا بولىدۇ، ھوشيار بۇلارنى ھېسابلىغاندا قانچىلىك خۇشال بولغان ئىدى - ھە؟ ئۇلار ماللىرىنى ئۈستى يېپىق موتسىكلىتقا بېسىپ ئىككى يۈز مېتىر ماڭا - ماڭمايلا چاسىنچە كىيىنگەن ساقچىلارغا تۇتۇلدى. ئۇلار ھەممىدىن، شۇ قاتاردا ھوشياردىنمۇ ئۈچ مىڭ سوم جەرىمانە ئالدى. پايدا يوق، دەسمىيىدىنمۇ بىر مىڭ تۆت يۈز سوم ئازايدى دېگەن سۆز. ھوشيار بۇ خاپىچىلىققا چىدىماي «دەمبىرولو» تاماكىدىن يېرىم كۈندە ئىككى قاپ چېكىۋەتتى. زىيىنىنىڭ ئورنىنى ئەتە تولدۇرۇۋېلىش كېرەك دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، يەنە ماڭدى. باشقىلار قانداقكىن، ئەمما ھوشيار ئەتە - ئۆگۈن ئوڭدۇرۇپ ئېلىشقا ئىشەنچ باغلاپ، ئەندىشىدىن خالىي يەنە ئىككى كىلومېتىر ماڭدى. ئالدىدىن بىر كىچىك بولكىۋاي چىقتى (خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك) دە، ماشىنىدىن توك كالتەك ۋە باشقا قوراللارنى كۆتۈرگەن ياشلار چۈشتى. ئۇلار گۇاڭدۇڭ تىلىدا بىر نېمىلەرنى دېۋىدى، شوپۇر موتسىكلىتنىڭ يوپۇقىنى قايرىدى. ئۇلار چالا - بۇلا تەكشۈردى - دە، «چۇەنبۇ مۇشۇ»، «داۋمەي لوشياڭجى» دەپ ۋارقىراشتى. ھوشيار تەرجىمىسىز بولغاچقا، ئۇلارغا گۆركىرەپ:

— ئۆزۈڭنىڭ ئادەملىرى چەتتىن ئەكىرىدۇ، ئۇلارغا سوت يوق، بىز ئىككى يۈز قەدەم ماڭا - ماڭمايلا ئۈچ مىڭ سومدىن جەرىمانە ئالدىڭ، ئەمدى يەنە مۇسادىرە قىلامسەن بۇلاڭچى! — دېدى. يەنە نېمىلەرنى دېيىشمەكچى، توك كالتەكنى بېشىغا تەگدى - دە، يىقىلدى. ئۇ زەي - قاڭسىق ئۆيدە ھوشىغا كەلدى. قۇربانلىققا ئەكەلگەن تۆمۈر جازا ئىچىدىكى قويلاردەك تىقما - تىقماقچىلىق ئىچىدە قولىغا يېرىم قاچا قۇرۇقلا گۈرۈچ تەگكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تۈرمىگە سولانغىنىنى بىلدى. ئۇ ئۈچ كۈن ئاچ ياتتى، تۆتىنچى كۈنى يېرىم پىيالە قۇرۇق گۈرۈچ بىلەن بىر چاشكا قايناقسۇ ئىچتى، يەتتىنچى كۈنى پارتىل تاغىسىنىڭ ھېسابچىسى ئۇنى بوشىتىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مانا شۇندىن بېرى ئۇ ياتاقتا. ئۇ پۇلىدىن ئايرىلدى، سالپىيىپ، چىرايىدىنمۇ كەتتى. ئۇ ھاياتىدا ھازىرقىدەك چۈشكۈنلەشمىگەن ئىدى. كۆز يېشىنى يوشۇرۇپ كېچىلىرى تالاغا چىقىپ غەربكە، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىغا قاراپ يىغلىدى. ئۇنىڭ ھالىغا بۇ يەردە كىم يېتىدۇ، تاغىسى كېلىپ ھال سورىشى، قولى ئۇزۇن، يولى جىق بولغاندىكىن ئۇنىڭ مۇسادىرە قىلىنغان ماللىرىنى ئېلىپ بېرىشى لازىم ئىدىغۇ؟ لېكىن

خەنزۇچە «پالاۋبەن»، ئۇيغۇرچە «پازىل ھاجىم»، «پازىل باي» دېگەن نام بىلەن ھەممىگە تونۇلغان تاغىسى ئۆزىنىڭ ھالىنى سوراپ كېلىپمۇ قويمىدى. ئۇ تاغىسىغا نېمە قىلدى؟ يېڭى كەلگەندە مۆمىن ئەپەندىنى ياقىلاپ ۋارقىراپ قويدى، ئۇ ھەستىلىكتە بولغان ئىمىش، ئۆز تاغىسىغا ئەركىلىگىنى ئىدىغۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز جىيەنىگە ئۆچمەنلىك قىلىپ يۈرگەن بولسا، دېمەك تاغىسى مېھرى - شەپقەت، ئادەمگەر- چىلىكنى ئۇنتۇغان ئوخشايدۇ: ئىشسىز، ماكانسىز، كوچا ئىتلىرىدەك خارلىنىپ يۈرگەن چاغلىرىدا، «ۋاي ئىنىم، باغرىم» دەپ سەككىپارە بولغان، كېچىلىرى نە - نەلەردە مەست ياتقىنىدا قول ھارۋىسى بىلەن ئۆيگە ئەكەلگەن، ئۆز كېلىدىن ئۈزۈپ كېيىۋاتقان بىر قاچا غىزاسىنى ئىنىسى ئۈچۈن قىسىنىپ ساقلاي- دىغان ھەدىسىنىڭ يۈز - خاتىرىسى يوقمۇ؟ دادىسىنىڭچۇ؟ ھەدىسىنىڭ كېيىن- لىرىنى ئوغرىلاپ سېتىپ، ھويلىنىڭ دەرەخلىرىنى ئەپچىقىپ سېتىپ بەگباشلىق قىلغان قېيىن ئىنىسى پازىلنى باشقىلار دۈشكەللىگەندە قانات يېيىپ: «بوۋۇدكىلىك كىمنىڭ بېشىدىن ئۆتمىگەن»دەپ ئاقلاپ تۇرۇدىغان ئاشۇ كەڭ قورساق قېيىن ئاغى- سىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىدىغۇ؟ ئىنسان پۇل بىلەن شۇنداقمۇ قارا كۆڭۈل، رەھىمسىز بولۇپ كېتەمدىكىنە؟...

ھۇشيار كۈندىن كۈنگە كەمبەغەللىشىپ، چىرايى ئوساللىشىپ، مىجەزى سەپرالىشىپ يۈرگەن مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ پازىل تاغىسىنىڭ بىر ياش قىز بىلەن بىر ھەپتىدىن بېرى بىللە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. قىز بىر نەچچە خىل تىل بىلىدىغان، ناخشا - ئۇسسۇل، تانسىدا يېتىلگەن، چىرايىدا تەڭداشسىز قىزمىش. قىز گۈۋاڭجۇغا پەيدا بولۇش بىلەنپۇلدار زىناخورلار بەس - بەس بىلەن ئۇنى مېھمان قىلىپ ئويناتمىشقا كىرىشىپتىدەك. پۇل، زىننەت بويۇملىرىنى سەندىن مەن قالىمەنمۇ دەپ تەقدىم قىلىشىپ، خۇددى كۈسۈككە كىرگەن ئىتلاردەك توپ بولۇشۇپ قىزنىڭ كەينىدىن يۈگرۈشۈپتىمىش. مانا شۇنداق كۈنلەردە پازىل ھاجىم ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپتۇ. قىز ھازىر ئۇنىڭ بىلەن كېچە - كۈندۈز بىللىمىش. بۇ گەپنى ھۇشيار بىلەن بىر ياتاقتا ياتىدىغان، كۈنىگە 150 - 100 سومدىن خىرويىن چېكىپ ھازىر كەمبەغەل- لىشىپ، خىرويىن سۈيى ئاردىلاشقان بىر سوملۇق ئوكۇلدىن كۈنىگە بىر نەچچىنى ئۆز قولىغا ئۆزى ئۇرۇپ، تاماق يېمەي، قۇرۇق ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقان نەجان يىگىت ھۇشيارغا دەپ بەردى.

— سەن بۇ ئىشلارنى نەدىن بىلىسەن؟ ئۆيدىن تالاغا چىقمىساڭ.

— ھەبىبە ئاڭلاپتۇ.

— ھەبىبە دېگەن كىم ئۇ؟

— بىلمەمسىنا؟ بۇرۇنقى سەتەڭ، ھازىرقى كېسەل كۆرپىسى. ھى، ھى...، — يىگىت پىخىلداپ كۈلدى، — ئۇ بىزنىڭ ئۆلپىتىمىز، خىرويىن چېكىشنى بىز بىللە باشلىغان، بىللە ئۆلىمىز.

ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ياتاققا چاچلىرى تولىمۇ قويۇق، بۇدۇر، زەپىرەڭ يۈزىنى چاچلىرى يېپىپ بۇرنىنىڭ ئۇچى بىلەن ئېغىزىلا كۆرۈنۈپ قالغان ئاۋاق بىر قىز سەندىرەكلەپ كىرىپ كەلدى.

— ماڭىمۇ قارايدىغانلار باردىكەن، ئازراق تاپاۋەت قىلدىم. بولە، ھەي مانا مەمبولۇمۇ بار، — دېدى قىز نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن

ھوشيارغا قاراپ قويۇپ.

ھېلىقى ئىمجان يىگىت ھوشيارنى دەرھال ئۇنتىدى. قىز بىلەن ئىككىسى تېپىرىقتەك ئاق ئېمىنى پال - پال قەغەزگە قويۇپ ئۇنىڭ ئاستىدىن قەغەز پىلتىغا ئوت يېقىپ ئىسسىق ئۆتكۈزدى. ئەلەردىندۇر كىچىككىنە ئېيچىلەرنى چىقىرىشىپ يالتىراق قەغەز ئۈستىدە پەيدا بولغان سۈس كۆكۈش سارغۇچ ئەلەڭگىنى ئىشتىھا بىلەن شوراشتى ۋە تاماكىلىرىنى ئۇنىڭ كەينىدىن شوراپ، تاماكا ئىسى بىلەن قوشۇپ ھوزۇرلىنىپ شوراشتى.

— خىرۇئىننى مۇشۇنداق چېكەمسىلەر؟ — ھوشيار ھەيران بولۇپ سورىدى.

— ئۆگىنىپ قويايمۇ چىرايلىق يىگىت، — قىز چاچلىرىنى كەينىگە تاشلىۋېدى خۇددى بۇلۇت كەينىدىن ئاي چىققاندەك بىر گۈزەل چىراي ھوشيارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. قىز ھوشيارغا كونا ئاشىقىدەك كۆز ئۈزمەستىن قاراپ، ئۇنىڭغا چاپلىشىپ ئولتۇردى. قىزنىڭ قىسقا يوپكا (تورسىك بىلەن تەك) ئىچىدىن تولۇق چىقىپ تۇرغان يامپاشلىرى ھوشيارنىڭ يامپىشىغا تېگىپ، ئۇنىڭ يىگىتلىك ھېسسىياتىنى قوزغىدى. قىزنىڭ بوشاشقان، لېكىن بەدىنىگە نىسبەتەن ھېلىمۇ ناھايىتى چوڭ بىلىنىدىغان بىر جۈپ جەلپكار كۆكسى ھوشيارنىڭ مۈرە، دۈمبىلىرىنى غىدىقلاپ ئۇنى ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندىدى:

— ئۇنداق قىلماڭ قىزچاق! — دېدى ھوشيار قىزنى ئاستا ئىتتىرىپ، — مەن ئۆيلۈك، قورقىمەن!

— ھا، ھا، ھا... مۇنداق دەڭا تېخى، مەنمۇ يېڭى كەلگەندە بىرىنچى قېتىم شۇنداق دېگەن ئىدىم، قاچان، قەيەردە، كىمگە دېدىم؟ بولدىلا، ئۇنى ئەسلەپ نېمە قىلاي. بەك چىرايلىق ئىكەنسەن، قارىغىنا، كۆزلىرىڭنى، ئەگمە قاش تېخى، ھا، ھا، ھا... تېخىچە قىز قۇچاقلىمىغان ئوخشىمامسەن، پۇلۇڭ بولمىسىمۇ مەيلى، بىركارغا قۇچاقلىۋال!

قىز ھوشيارغا تاشلاندى، ھوشيار كۈتۈلمىگەندە قىزنى ئىتتىرىۋەتتى. قىز كارىۋاتقا يېنىچە يىقىلدى. ھوشيار ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى:

— ئادەم بىلەن ھايۋان قانداق قۇچاق-لىشىدۇ! — دېدى ئۇ ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن قىزغا قاراپ قويۇپ.

قىز بۇ ھاقارەتنى قىلچە ھار ئالمىدى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئالدىرىما، چىرايلىق يىگىت، يەنە ئۈچ - تۆت ئاي ئۆلمىسەم سېنىڭمۇ ھايۋان بولمىغىنىڭنى بىر كۆرمىسەم... بىلەمسەن، بۇ يەردە چىرايىنىڭ بازىرى يوق. پۇلۇڭ بولمىسا ھامان سەتسەن، قاش - كۆزۈڭ، ئاپئاق يۈزۈڭ، تەنتەربىيىچىگە ئوخشاي-دىغان بوي - بەستىڭ ئەخلەتكە تاشلىۋەتكەن ئېسىل ھاراق بوتۇلكىسى. پۇلۇڭ بولمىسا ھوزۇرمۇ قىلالمايسەن، دوزۇرمۇ بېرەل-مەيسەن، بىر مىنۇتمۇ خۇشال بولالمايسەن. بىلەمسەن، ئادەم دېگەن پۇل بىلەن چىرايلىق!

— خىرۇئىندىن تاپقان نەزەردېگىنىزمۇ بۇ، قىزچاق؟

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ ساڭا سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق، ياتاق ساڭا ھەممىنى سۆزلەپ بېرىدۇ، بۇ يەرگە كىردىڭمۇ موللا بولماي چىقمايسەن!

قىز سەندىرەكلەپ چىقىپ كەتتى. ھوشيار ئەلەم بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى: ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا تېخى قولىنى تۇتۇش-قىمۇ ئىمكان بولمىغان، يەرگە قاراپ،

ئىۋدىنى چىشلەپ سىيلىغىنىچە سۆزلەيدىغان يىراقتىكى قىزچاقنىڭ سۈزۈك يۈزى، نۇرلۇق كۆزى بىردىنلا كەلدى: ئۇمۇ مۇشۇ زامانىنىڭ قىزى، ئۇ ئىنسان — پۇل دېگەن تەڭلىمىنى ئاڭلىسا قاھقاقلاپ كۈلىدۇ، چۈنكى ئۇ تۇم ئىككى تال چېچىنى پاكىزە قولى بىلەن ئۆرۈۋېتىپ ئىنسان جىسمى بىلەن گۈزەل، سەۋەبى ئۇنىڭ جىسمى روھى بىلەن نۇرلىنىپ تۇرىدۇ، دەپ ئويلايدۇ - دە.

هوشيار بىردىنلا تاغىسىنى تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى قېتىم سۆزلىشىپ، ئارىنى ئۈچۈق قىلىپ ئاندىن كېيىن مۆمىن ئەپەندىنى تېپىپ، شۇنىڭ پېشىنى تۇتۇش قارارىغا كەلدى.

— پازىل هاجىم تۇرىدىغان مېھمانخانىغا پىيادە بارالمايمەن، — دېدى ھېلىقى نىمجان يىگىت تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ، — موتوغا ئولتۇرساق ئۈچ سوم، ئىككىمىزنى ئالتە سومغا ئاپىرىدۇ، تاكسىغا ئولتۇرساق ئۈچ-تۆت سومغا ئاپىرىدۇ، كىلومېتىرغا قاراپ پۇل ئالىدۇ ئەمەسمۇ.

ئۇلار ئۈچ قەۋەتلىك چىرايلىق بىنانىڭ ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشتى. هوشيار بۇ مەنزىرىلىك جايغا زاھىتلىنىپ، زوق بىلەن قارىدى. نېرىدا تولىمۇ چوڭ يېشىل دوخاۋا بۆكتەك ياپيېشىل دۆڭلۈك، ئېگىز مۇنارىلار، ھەيۋەتلىك بىنالار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ خىيالى بىردىنلا يۇرتىغا كەتتى: دەريا بويىدىكى ئۈزۈمزارلىق، باراڭ ئاستىدىن تۆۋەندىكى دەريا ساھىلىغا قارىساڭ ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنىدىغان ئورمانلار، ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلار خىيال ئېكرانىدىن تېزلا ئۆتتى.

ئۇلار مېھمانخانىنىڭ بىرىنچى قەۋەت زالىغا كىردى - دە، ساپالاردا ئولتۇرۇشتى. چۈنكى مەخسۇس خادىملار ئۇلارنىڭ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىشىغا يول قويمىدى. پازىل هاجىمنىڭ ياتىقىغا تېلېفون بېرىدۋېدى، تېلېفوندىن قوپال ئاۋاز ئاڭلاندى:

— كىم ئۇ هوشيار دېگەن؟ مەن ھېچكىمنى قوبۇل قىلمايمەن!

سۆزلىگۈچىنىڭ راستىنلا هوشيارنىڭ ئۆز تاغىسى ئىكەنلىكىگە ئۇنىڭ زادىلا ئىشەنگىسى كەلمىدى. ئۇ گۇاڭجۇغا كەلگىنىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى. كىتابلاردىن، باشقىلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن ئاڭلىغان بۇ داڭلىق شەھەر ئۇنىڭغا تولىمۇ قورقۇنچلۇق، تولىمۇ سەت ۋە رەھىمسىز بولۇپ تۇيۇلدى: «ھەممىنى قىلغان پۇل، — دېدى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى، ئىلھام كاسكىنىڭ پويىزدا قىلغان سۆزلىرىنى تەكرارلاپ، — تاغامنى سەتلەشتۈرگەنمۇ، مۇشۇ چىرايلىق شەھەرنى سەتلەشتۈرگەنمۇ پۇل. مەن ئۇنىڭغا ئەجەبمۇ ئۆچ بولدۇم... لېكىن ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمىز!»

## 2- باب

## ئۇ بىزنى ئاسمانغا ئېپچىقتى ۋە يەرگە ئۇردى

### 1

پازىلنىڭ ياتىقى ئۈچ كارىۋات، تۆت دىۋان، گىلەم، تېلېۋىزور، تېلېفون ۋە بىر قانچە بىخەتەر ساندۇق، بىر قانچە قىممەتلىك چادادان بىلەن بېزەلگەن بىر ئېغىزلىق چوڭ ئۆي. ئۇنىڭ بۇ ئۆينىڭ خوجايىنى ھەم بەخت، ھەم ئازاب بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان چىرايلىق ئايال. بۇ ئايال يىگىرمە بەش ياشتا، زىلۋا، سىيلىق، ئالتۇن-بىرلىيانت ئېچىدە خۇددى يىراقتىن كۆرۈنىدىغان يۇلتۇزدەك نۇر چاقنىتىپ، كىشىنىڭ كۆزىنى چېقىپ تۇرىدۇ. كۆرگەن ئادەم بۇ

ئايالنىڭ ئاشۇ دىقماق، سېمىز، پۇشۇلداپ تۇرىدىغان ئالتۇن چىشلىق پازىلنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنمەيدۇ، چۈنكى بىرلا قارىماققا ئەر خۇددى تۆگى ئېرىدىغان تورلۇق قوغۇنغا ئوخشىسا، ئايال سەھەر شەبنەملىرى بىلەن پىلەكلەر ئارىسىدا كۈلۈپ تۇرغان، يېڭىلا توختىغان چىلگىگە ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى چىرايى، مىجەزى، ئاۋازى ۋە ھەرىكىتى بىلەن ھەر قانداق ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ، يەنە بىرسى بولسا، يۇقىرىقى سۈپەتلىرى بىلەن قاتتىق چىش ئاغرىقىدا ئازابلىنى-ۋاتقان ئەركىشىنىمۇ ھايات لەززىتىدىن بەھرىمەن قىلالايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى چاۋار - پاخال، بىرسى گۈل، بىرسى چالما، بىرسى مەرۋايىت، بىرسى مېۋە، بىرسى شاكال ...

مۇشۇنداق پەرقى چوڭ ئىككى ئادەمنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرغان رىشتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە ئىزاھات زۆرۈر بولمىسا كېرەك.

— زۆھرە ئاي، — دېدى بەستىلىك، چىرايلىق ھېسابچى كۆزلىرى قىمىزىپ، قاپاقلىرى ئىششىغان ئايالغا تەسەللىي بېرىپ، — بۇ ئىشنى كۆڭۈللىرىدىن چىقىرىۋەتسىلە. ھاجىمنىڭ دۈشمىنى كۆپ، ھاجىم سىلىدەك ئايالى تۇرۇپ شۇنچىۋالا ئاياللار بىلەن سۆرىشىپمۇ يۈرمىگەندۇ.

— بولدى، بولدى، ماڭا نەسىھەت قىلمايلا قويسىلا، مەن ھەممىنى بىلىپ بولدۇم. ئۇنىڭ شياڭگاڭدىن ھېلىقى ئەرلەر ئىشلى-تىدىغان دورىنىڭ ياخشىلىرىدىن ئالدۇر-غىنىنى، ئىچىدىغان، پۈركەيدىغان دورىلار بىلەن ئۇ جالاپنى رازى قىلغىنىنى بىلىپ بولدۇم. مەن كېتىمەن، خالىغىنىنى قىلىۋېرسۇن، ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.

— ئەقىلسىزلىق قىلمىسىلا خېنىم، ماقۇل كەتتىلىمۇ دەيلى، سوتقا ئەرز قىلدىلىمۇ دەيلى، ئەمما پازىل ھاجىم قۇتۇلۇپ كېتىدۇ، پۇل بىلەن سوتنىڭ جازاسىدىنمۇ ئامان قالالايدۇ. سىلىنى ئايالىمنى قويۇۋېتىمەن دەپ نىكاھىغا ئالغىنىمۇ راست، لېكىن قوش نىكاھلىق بولۇش جىنايىتى قانچىلىك جىنايەت دەيلا، ئادەم سېتىپ، دۆلەتنى ئالداپ يۈرگەنلەرمۇ شۇ قانۇن دېگەندىن قۇتۇلۇپ كەتتى ئەمەسمۇ. پۇل بولىدىكەن، ھەممىنى قىلغىلى بولىدۇ خېنىم. ھاجىمدىن ئايرىلسىلا ھاجىم دەرھال خەتلىرىنى بېرىدۇ، سىلىدىن ياش - چىرايلىقلار يەنە ھاجىمنى قېرى، سەت دېمەستىن تېگىدۇ ئەمەسمۇ؟ سىلى ھېلىقى بىر يۈرۈش ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيدىن قۇرۇق قالىلا دەيمەن!

خوجايىنىغا ئىتتەك سادىق بۇ ھېسابچى ھېسابقىلا ئەمەس، گەپكىمۇ ئۇستا ئىكەن. چىرايلىق گەپلىرى بىلەن خېنىمنى بىردەمدىلا كۈلدۈردى. خېنىم بويۇنلىرىغا پۇراقلىق يۈز مېيىنى سۈركىدى - دە، ئەينەكتىن يۈزىنى ئۆرۈپ، ئىنچىكە قاشلىرىنى ئويىنىتىپ ھېسابچىغا قاراپ كۈلدى:

— سىر ساقلاملا ئەمىسە؟

— باۋشيەنكۈي دېسىلە خېنىم.

— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ بىر يىگىت بىلەن ئويناي دەيمەن!

— تووۋا دېسىلە خېنىم، ھاجىمغا خىيانەت قىلمىسىلا، دەن، مەن بۇ سىرنى ھاجىمدىن ساقلىيالمايمەن!

— راستما؟

— قارا يۈز بولاي، گۆرۈمدىن تۈگۈز قوپسۇن ئىلاھىم! ...

— مۇنداق دېسىلە، خوجايىنلىرىغا زادىلا خىيانەت قىلمامدىلا؟!

- ئەللا - بەللا، خېنىم، خوجايىنىمغا قازا كەلسە، ئىككىلەنمەي زىممەمگە ئالىمەن، خېنىم!

- ئەخمەق! - دېدى ئايال ھېسابچىغا نەپرەت بىلەن قاراپ قويۇپ، - ماڭا بەش مىڭ سوم بەرسىلە.

- ماقۇل، خېنىم. نېمىگە سەرپ قىلىلا؟

- بىر تۇغقۇنۇمغا بېرىمەن.

- تۇغقانلىرى كىم، ئىسمىنى دەپ بەرسىلە، مەنلا بېرەي.

- ماڭا پۇل تۇتقۇزماسىلەر زادى؟

- بۇ، خوجايىنىمنىڭ بۇيرۇقى، خېنىم.

- ئۇنداق بولسا بىلىپ قويسىلا، ھاجىمنىڭ ھەدىسىنىڭ چىرايلىق ئوغلى ھازىر كوچىدا قالدى. ئۇ پۈتۈن دەسمىسىدىن ئايرىلدى، ئۇنىڭغا 5 مىڭ سوم بېرىڭلار، يەنە بىر قېتىم تىجارەت قىلىپ كۆرسۇن. ھاجىم ھەدىسىنىڭ ياخشىلىقىنى ئۇنتۇغان بىلەن، مەن ئۇنتۇمىدىم. چوڭ خوتۇنى سوتقا ئەرز بەرمەكچى بولغاندا ئىنىسىنىڭ يۈز - ئابرويىنى دەپ ئەرز بەرگۈزمىگەن ئاشۇ ھەدىسى جۇمۇسلا!

- ماقۇل، خېنىم. مەن ھاجىمغا دەپ دېگەنلىرىنى قىلاي.

- ھاجىمغا دېمىسىلە، ئۆزۈم دەيمەن، بۇگۈنلا پۇلنى ئۇ بالىغا ئاپىرىپ بەرسىلە.

ھېسابچى چىقىپ كەتتى. ئايال ئېچىلماس پولات ساندۇقلارغا، چامادانلارغا قاراپ مۈگلىدى. ئۇ، بۇ ئۆيىنىڭ خوجايىنى ھەم قارانچۇقى. ئۇنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىنى تېخىچە باغرىغا بېسىپ ياتقان سۆيۈملۈك ئېرى، بۇدرۇق قوللىرى بىلەن ئانىسىنىڭ كۆز يېشىنى ئويناۋىدىغان لەۋلىرى پومپىلاق، بودۇر چاچ قىزى ھازىر نەدىكىن؟ مۇھەببەتنى مەڭگۈلۈككە قارا تۇپراققا كۆمۈش ھېسابىغا بەدىنىدە يېتىلمىگەن پالغان نازۇ - كەرەشمە، يالغان كۈلكە، يالغان تاتلىق گەپلەر بىلەن ئۇ نېمىگە ئېرىشتى؟

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن سۆزلۈك مەرۋايىتلار دومىلاپ چۈشتى. قوڭغۇراق جىرىڭلىدى، كەينىدىنلا تېلېفوندىن ئاۋاز كەلدى:

- بارمۇ سەن، مېھمان باشلاپ بارىمەن، تەييارلانغىن!

بۇ ئېرىنىڭ ئاۋازى، بۇ ئاۋاز قانچىلىك قورقۇنچلۇق، قانچىلىك يىرگىنىشلىك - ھە؟ لېكىن ئۇنى كۈلكە ۋە ئىللىق چىراي بىلەن كۈتۈۋېلىش كېرەك.

- خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن ھۆرمەتلىك ھاجىم!

بۇ ئۆيگە دائىم كۆڭۈلچۈدىكى ھەر خىل كەسىپ بىلەن نام چىقارغان پۇلدارلار يىغىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە شېنجىندا تۇرۇپ ئوقەت قىلىدىغان نەچچە مىليون سومنىڭ ئىگىلىرىمۇ، ئاشخانىلارنىڭ خوجايىنلىرى ۋە سىنتالغۇ ھايانكەشلىرىمۇ، رەخت سودىگەرلىرى ۋە باشقا سودىگەرلەرمۇ بار. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى ئۆزلىرى كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىش - سودا ۋە كۆڭۈلچۈدىكى يەرلىك بازار باشقۇرۇش، ئامانلىق ساقلاش ئورۇنلىرىنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان ماجرالىرى: ئېغىر باج، مۇسادىرە، جەرىمانە، قاماش، يۇرتىغا ھەيدەش قاتارلىقلار ئۈستىدىن قىلىنىدىغان شىكايەتلەر.

ئۇلارنىڭ ئالدىغا تېخى، قوي گۆشلىرى، مېۋە - چېۋىلەر، ئېسىل (چەت ئەلنىڭ ۋە دۆلىتىمىزنىڭ) ئىچىملىكلەر قويۇلدى. بۇ يەتتە - سەككىز نەپەر خوجايىن ھېچقاچان شەخسىي تۇرمۇشى، قول ئاستىدىكى يۈزلىگەن ئادەمنىڭ ئوڭۇشسىزلىقلىرى توغ-رىسىدا گەپ قىلىشمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز نەزەرلىرىدە ھەر بىرسى بىر چوڭقەبىلىنىڭ خوجايىنى، ئۇلار قولىدىكى پۇللىرى بىلەن ھەر قانداق جايدا، ھەر قانداق بىر ئادەمنى

بويسۇندۇرالايدۇ، ئېگىلدۈرەلەيدۇ، ئىشقا سالالايدۇ. ئۇلار شۇنچە پۇلنىڭ ئىگىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئەقىل - پاراسەتتە يېتىلگەن، يىراقنى كۆرەر ھېسابلايدۇ. ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنى مىللەت - نىڭ ئەڭ ياخشى پەرزەنتلىرىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى، مىللەتنىڭ مۇناسىپ ۋەكىللىرى سانايدۇ. يۇقىرىقىلارنىڭ سەۋەبى ئاددىي: ئۇلار پۇلدار. پۇلدار ئىكەن، دېمەك ئۇلار غالىبلار، ھۆكۈمرانلار ۋە باشقۇرغۇچىلار.

پازىل ھاجى بۇلار بىلەن بىللە بولغاندا ئۆزىنىڭ مەردلىك، ئادەمگەرچىلىك ۋە مىللەتپەرۋەرلىككە دائىر ئىشلىرىنى كۆپتۈرۈپ ماختىنىپ سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆزىنى بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ئەقىلچىسى ۋە يول كۆر - سەتكۈچىسى ھېسابلايدۇ ... بايلارنىڭ بۈگۈنكى يىغىلىشى - ئىسلامخان ئوتتۇرىغا چىقىپ ھېلىقى مۆمىن ئەپەندىم ئۈچۈن ئىئانە توپلاش ئىشىنى قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىش ئىدى.

پازىل گەپنىڭ نەق ئۆزىنىلا دېدى:

- ئىلھام كاسكىنىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ مەكتەپ بەرىبىر تاقىلارمىش. ئۇنىڭغا بەرگەن پۇل ئوغرىغا ئالدۇرغان پۇلغا ئوخشارمىش! سەن تەلئەت ئىلھامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بىلىپ تۇرۇپ يەنە نېمىشقا ئىككى تۈمەن بەردىڭ - ھە؟

- پازىل ھاجى، سەن ھەممە ئىشنى ئۆز ئەقلىڭ بىلەن قىلاتتىڭ، بۈگۈن نېمىشقا ئىلھامنىڭ ئەقلى بىلەن ئىش قىلىپ قالدىڭ.

- مەكتەپ دېسىلا بېشىم ئاغرىيدۇ، مەن مەكتەپنى تۈرمىدىن ئازراقلا ياخشى دەپ قارايمەن!

- بۇ گېپىڭ بولمىدى پازىل ئاكا، مەكتەپ دېگەن ئىنسانلارغا ئەقىل كىرگۈزىدۇ - دە.

- ئەقىللا ئەمەس، ئەدەب - ئەخلاقچۇ؟

- ئىلىم - بىلىم بولمىسا، ياشىماق تەس.

- سەن تېخىچە تۆت خانىلىق سانلارنى قوشالمايمەن دېگىنە؟

- مەنچۇ تېخى قول قويۇشنىڭ ئورنىغا يا تامغا باسىمەن، يا بارماق باسىمەن.

- ئوقۇپ مىليونېر بولغان بىرسى بارمۇ؟

- مۇھەممەد پەيغەمبەرمۇ ساۋاتسىز ئىكەنغۇ؟

- باياتىن مەكتەپ ئەقىل بېرىدۇ، بىلىم بېرىدۇ، ئەدەب - ئەخلاق ئۆگىتىدۇ دېگەنلەر كىملەر؟ - پازىل ھەممىگە بىر قۇر قاراپ چىقتى، - جاۋاب بېرىڭلارچۇ؟ پۇل ئىنسانغا نېمە بېرىدۇ؟ مەن جاۋاب بېرەي: قان بېرىدۇ، قان بولمىسا ئەقىل نەدىن كېلىدۇ. پۇل ئىنسانغا يەنە ئوزۇق، كىيىم - كېچەك، ئۆي - جاي، بالا - چاقا بېرىدۇ. بۇ نەرسىلەر بولمىسا، ئەقىل - پاراسەت، ئەخلاق - پەزىلەت دېگەنلەرنى نېمىگە ئىشلىتىسەن؟

- قويساڭچۇ پازىل، - دېدى تەلئەت قولىنى شىلتىپ، - سەن مۇھەممەد پەيغەم - بەردىنمۇ دانامىدىڭ؟ پەيغەمبىرىمىز ئوۋ ئىتلىرىغىمۇ بىلىم ئۆگەت دەپتىكەن. يەنە ئاۋۋال ئىلىم ئۆگەن، ئاندىن ئىمان ئېيت دەپتىكەن. بىز ئاغىنىلەر ئازراق پۇلغا ئىگە بولۇۋېلىپلا ئۆزىمىزنى بىلەرمەن چاغلىساق قاملاشمايدۇ.

- ئۇنداق بولسا، مۆمىن ئەپەندىگە لازىم بولغان پۇلنى سەنلا بەرمەمسەن تەلئەت؟

- ھازىر قانداق چاغ؟ بىزنىڭ كۈنىمىز كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىۋاتقان چاغ. بۇنداق چاغدا ئىئانە بېرىش - ئۆز پۇلىڭغا

ئۆزۈڭ ئوت قويدۇڭ دېگەن سۆز. مېنىڭ بىر ماشىنىدىكى 350 مىڭ سوملۇق رەختىم بىلەن يەنە بىر ماشىنىدىكى 185 مىڭ سوملۇق يىپىمنى تولۇق مۇسادىرە قىلىۋالدى. تەلئەت ئاكا شۇ مۆمىن ئەپەندىگە ئېيت، قولىدىن كەلسە ئاشۇ 535 مىڭ سومنىڭ يېرىمىنى ھەل قىلىپ بەرسۇن، ئۇ چاغدا مەن بەش تۈمەن ياردەم قىلىمەن!

— تازا جايىدا گەپ بولدى.

— مەنمۇ شۇ. ئەككى ئالدامچى يالغان گەپ قىلىپ 20 تۈمەن پۇلۇمنى يەپ كەتتى. ئۇنىڭ يېرىمىنى ئىشانىگە بەردىم، ئېلىۋالسۇن شۇ ئەپەندىم.

پۇلدارلار شىكايەت، ئەرز - ھال ئېيتىشقا باشلىدى.

— مۇسادىرە قىلسا غىڭ قىلالمايمىز، — دېدى تەلئەت ئالدىدىكى رومكىنى ئاچچىق بىلەن ئىچىۋېتىپ، تەرىنى تۈرۈپ، — خەق ئالداپ كەتسە، لام - جىم دېيەلمەيمىز. مەكتەپ ئۈچۈن ئىئانە بېرىڭلار دېسە، ھەممىمىزنىڭ توققۇز تولغىقى بىراقلا تۇتىدۇ. كۆزىمىزنى يۇمۇپلا بىر تۈمەندىن بەرسەك، مۇسادىرە قىلىندى ياكى ئالدامچى ئېلىپ كەتتى دەپ كۆڭلىمىزدىن چىقىرىۋەتسەك، بۇ بىر قانچىلىك زىيان دەيسىلەر — ھە؟ ئۆرۈلۈپ كېتەرسىلەرمۇ؟

— تەلئەتنىڭ گېپىمۇ يوللۇق، بېرەيلى ئاغىنىلەر!

— بەرسەك بەردۇق، ئەتىلا بېرەي، بىر تۈمەن دېگەننى.

— مەن بىر ئويلىنىۋالاي.

— مەن خوتۇنغا دەپ باقاي.

— ... ها، ها، ها ... ھى، ھى، ھى...

مەردلىك بىلەن خەسىسلىك، ئالىيجاناب - لىق بىلەن چاكىنىلىق، مىللەتپەرۋەرلىك بىلەن شەخسىيەتچىلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك بىلەن نادانلىق ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىش خېلى كەسكىن، خېلى ئۇزۇن داۋاملاشقان بولسىمۇ، بۇ بىر - بىرىگە زىت نەرسىلەرنى ئاخىرىدا ھاراق، ھالاۋەت مۇرەسسەگە كەلتۈردى - دە، پۇل بەدىلىگە كەلگەن راھەتپەرەسلىك ھەممىنى يەڭدى. بۇ ئۆيگە يىغىلغان ئادەملەر مەست بولۇش - قاندىن كېيىن، بۇ ئۆيگە نېمىگە يىغىلغان - لىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇشتى - دە، ئەمدى ئۇلاردا ئورتاق ماۋزۇ قالمىدى. ئاياللار، كىيىملەر، ئويۇنلار، سودا - سېتىق، پايدا - زىيانلار، شەخسىي مۈلۈك، ماشىنا، ئۆي، جاھازلار، مىللەت، مائارىپ، بىلىم ۋە كەلگۈسى دەيدىغان ئاتالمىلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.

مېھمانلار تارقىغاندىن كېيىن، ئايالى ئويقۇسىز كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ پازىل ھاجىمدىن سورىدى:

— مەسلىھەت پىشتىمۇ، ھاجىم؟

— مەسلىھەت؟ — دەپ سورىدى پازىل ھاجىم دىققاق قوللىرىنى كېرىپ، ئالتۇن چىشلىرىنى يالت - يۇلت قىلىپ كېرىلە - ۋېلىپ، — يېدۇق، ئىچتۇق، مەست بولدۇق، پىشتى دېگەن شۇ خوتۇن، ھا، ھا، ھا...

2

مۆمىن ئەپەندىمۇ بۇ يەرگە نېمىگە كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇشقا ئاز قالدى. ئۇنىڭ ئېسۇ - خىيالى مۇنۇ ئاقكۆڭۈل، تەلەيسىز چىرايلىق بالىلاردا. ئۆمۈر بويى بالا تەربىيىلەپ چىرايلىق گەپ بىلەن پىرپۇزدىغى ئادەم كۆندۈرۈشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىشقا ئادەتلەنگەن بۇ مائارىپچى بالىلارنى كۆرسىلا ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ. مۇنۇ شوخ، غەيرەتلىك بالىلار 50 - 60 سوم پۇلنى دەپ ھەر قانداق خەتەرگە ئۆزىنى ئاتىدۇ. كېچىدە پاشىغا يەم بولۇپ، ھايانكەشلىك

قىلمىشىنىڭ بىرىنچى سەپەردە پەيداكارلىق
كۆرسىتىش ئۈچۈن، تونۇشقاندەك سەگەك،
قاپلاندەك چاققان ۋە يولۋاستەك قەيسەرلىك
قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ: ئۇلار سىرتتىن
كەلگەن سىنئالغۇنى قۇچاقلاپ، مەخسۇس
مۇشۇلارنى تۇتۇش ئۈچۈن تەربىيىلەنگەن
ئامانلىق ساقلىغۇچى يىگىتلەرنىڭ كۆزىنى
باغلاپ، مالنى خوجايىنىغا ئەكىلىپ
بېرىدۇ - دە، ئاندىن كېيىن غىزالىنىدۇ،
ئۇخلايدۇ. ئۇلار ئۇخلىغاندا مۆمىن ئەپەندىم
ئۇلارنىڭ بېشىدا چۆرگىلەيدۇ، باشلىرىنى
سىلايدۇ، ھەر بىرسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ
ئۇخلاۋاتقان باللار بىلەن سۆزلىشىدۇ:

- ھە، مەردان، بىر تال تاماكا بىلەن
ساقچىنىڭ كۆزىنى باغلىدىم دېگىنە؟ ھەي،
يالغانچىلىققا ئادەتلەنگىنىڭ يامان - دە!
ئەيدى راست گەپنى يامان كۆرىدىغان
بولۇپ قالمىغىدىڭ؟

- يالقۇن، چاچلىرىڭ نېمانچە قويۇق؟
نېمىشكىمۇ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرمىگەنسەن -
سەن، سەن تازىمۇ ياخشى ئىسپورتچى
بولاتتىڭكەن، ھەي ئىست، ئىست!

- قەيسەر، داداڭنىڭ ئاران يىغقان
1000 سوم پۇلىنى ئوغرىلاپ قاچقىنىڭ
نېمىسى؟ داداڭ ئازراق مائاشى بىلەن
يەتتە جاننى بېقىپ، ھەممە تەسلىكتە بۇ
پۇلنى يىغقان بولغىيتى - ھە؟ ۋاي بىچارە
دادا، سەن بالا ئۈچۈن سەكپارە، بالا بولسا
سېنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ.

ئۇ بەزىدە دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇ -
ۋېلىپ باللارنىڭ قوپال چاقچاقلىرى بىلەن
پاراڭلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلايدۇ:

- يالقۇننى توك كالتەك بىلەن بىرنى
قويۇۋېدى، بىچارە سېمونت كۆۋرۈكتىن
پاتقاققا دومىلاپ چۈشتى، ئىككىسى ئۇنى
دەسسەپ پاتقاققا پاتۇرۇۋېلىۋەتتى.

- سەن نېمىشكە بۇلۇشمىدىڭ كۆتلەش!

- مېنىمۇ ئۇرسۇنمۇ ئەمەسە؟

- سېنىڭ ئورنىڭدا مەن بولسام بىرسى -
نىڭ كۆزىنى قىزىۋېتەتتىم - دە، بىراقلا
ئۆلەتتىم!

- ئەمما لېكىن ئەندى ئۆيگە كېتىۋالسام
كۆئاچىغا قارىمايمەن...

- ئاپاڭنىڭ خېتىنى ئوقۇغىنىڭدا زۇنۇن،
بىللە ئاڭلايلى.

- مەمبولا چەككىنىنى ماۋۇنىڭ، بىر
يەردە ئوۋچىلىق قىلغان ئوخشىمامسەن؟

- شېنجېنغا بارغان، قارىسام، بىرسى
مۇشۇ سومكىنى پولاڭلىتىپ تاكسىچى بىلەن
سۆزلىشىۋاتىدۇ، تۇرغان ماڭا بىرلا شەرەت
قىلدى، سومكىنى يولۇۋېلىپ قۇربانغا
ئاتتىم، قۇربان ماشىنىلارنىڭ ئارىسىدىن
قويۇندەك يۈگۈرۈپ يولنىڭ ئۇ چېتىگە
ئۆتتى! مەن جىلمىقى پالاكەت ئۆزىنى ئوڭشاپ
بولغىچە بىر تاكسىغا كىردىم - دە، تاكسىچىغا
پىچاقنى كۆرسەتتىم، تاكسى ئۇچتى، ئۇنىڭغا
20 كوي بەردىم. قۇربان ئىككىمىز بېيىۋن
مېھمانخانىسىدا تېپىشتۇق، تۆت مىڭ سوم
نەق پۇل بار ئىكەن.

- ئاڭلىدىڭمۇ، ئاكا - ئۇكا ھەسەن -
ھۈسەنلەرنى يەنە سولاپ قويۇپتۇ!

ھاياتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىنى ئۆز
ئىختىيارلىرى بىلەن تاللىۋالغان، بۇ
قاتلامدا جىنايەت ۋە خېيىم - خەتەر بىلەن
ھەر مىنۇت ئۇچرىشىپ تۇرۇۋاتقان بۇ باللار
مۆمىن ئەپەندىنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى
تارتىۋالغان: ئۇنىڭ بۇ باللاردىن
ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. ئۇنىڭ تونۇش -
بىلىشلىرى بىلەن پۇلدار ئوقۇغۇچىلىرى
مۆمىن ئەپەندىنىڭ سىنئالغۇ ھاياتىكەش -
لىكىنىڭ بىرىنچى سەپەردە چەت ئەلدىن مال
ئەكىرگۈچىلەرنىڭ قوللىرىدىن مالنى

ئېلىپ ئەڭ خەتەرلىك رايوندا - خوجايىننى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغۇچىلارنىڭ سېپىدە بولۇشىنى نومۇس بىلىپ، ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكەتمىش ئۈچۈن نۇرغۇن ھەرىكەت قىلىشتى.

لېكىن مۆمىن ئەپەندىنى ئۇلار ئەكەتەلمىدى. مۆمىن ئەپەندىنى بۇ يەرگە باغلاپ تۇرغان رىشتە 50 - 60 سوم پۇل ئەمەس، بەلكى بالىلارنىڭ تەقدىرى ئىكەنلىكىنى ئۇلار چۈشەنمەيتتى ھەم ھېس قىلالمايتتى. خۇددى مىكيان ئۆز چۈجىلىرى ئۈچۈن ئىتقا ھۇجۇم قىلغاندەك، كىچىككىنە كۆكەنەك چۆجىلىرى ئۈچۈن ئىنسانغا ئېتىلغاندەك، مۆمىن ئەپەندىمۇ بۇ بالىلار ئۈچۈن خەتەرگە ئۆزىنى ئاتقان. بۇنى ھەممىنى پۇل بىلەن ئۆلچەشكە كۆنۈككەن ئوقەتچىلىرىمىز ھەرگىزمۇ ئويلىمايتتى.

كىچىككىنە مۇختەر ئاجايىپ زېرەك، گەپچى ۋە ھېسسىياتچان ئىدى.

— مۆمىن دادا، — دەيتتى ئۇ مۆمىن ئەپەندىگە ئەركىلەپ، — قورقماڭ، سىزگە بايلار پۇل بەرمىسە بىز بېرىمىز. بولدى، مەن سىزگە ھەر كۈنى بەش سوم بېرىمەن، يۈز كۈن تۇرسىڭىز بەش مىڭ سوم دېگەن شۇ.

مانا شۇ بالا يېقىندا ئورمان مۇھاپىزەتچىسى بىلەن گەپ تەگىشىپ قېلىپ قاتتىق تاياق يەپتۇ. بالا قاتتىق يەردە تولا يېتىپ، چىمەننى يۇمشاق كۆرۈپ كۆۋرۈك يېنىدىكى چىمەنلىكتە ياتقان ئىكەن، مۇھاپىزەتچى جەرىمانە تەلەپ قىپتۇ. لېكىن مۇختەردە پۇل يوق ئىكەن، گەپ تالىشىپتۇ، مۇھاپىزەتچى ئۇرۇپتۇ، مۇختەر قول ياندۇرغان ئىكەن، مۇھاپىزەتچىلەر ئۈچ كىشى بولۇپ كالتەك بىلەن قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇپتۇ. بىزنىڭ ئادەملەر كۆرۈپ تۇرۇپ ئاجراتماپتۇ. شۇ تاماشا كۆرگۈچىلەر ئىچىدە پازىل ھاجىمۇ بار ئىكەن. ئۇ مەززىلىك چېيىنى ئىچىپ، ئالتۇن چىشلىرىنى يالت - يۇلت قىلىپ مىدىر - سىدىر قىلماي ئولتۇرۇپتۇ. بالا ئاخىر بېشىغا كالتەك يەپ يىقىلىپتۇ. ھازىر ئۇ ياتاقتا ئەقلىدىن ئېزىپ ياتقۇدەك. مۆمىن ئەپەندى تۈنۈگۈن ئۇنى ئەتەي گۇاڭجۇ شەھىرىگە بېرىپ يوقلاپ كەلدى. بالا مۆمىن ئەپەندىنى كۆرۈپ تەستە كۆزىنى ئاچتى ۋە ھۇپپىدە ئىششىغان كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش ئاققۇزۇپ:

— مەن نېمە قىلدىم؟ ھاراق ئىچمىدىم، قىمار ئوينىمىدىم، قىزلارغا چېقىلمىدىم، خىروئىن چەكمىدىم، ھېچنېمە قىلمىدىم ...، — دېدى.

— راست سەن ھېچنېمە قىلمىدىڭ بالام مۇختەر، — دېدى مۆمىن ئەپەندىمۇ گۇاڭجۇ ئىسسىقىدا قاردىيىپ، تېخىمۇ قورۇلغان يۈزىنى پۈرۈشتۈرۈپ يىغلامسىراپ، - بالام مەن سېنى ئەكەتمەن. ھۆكۈمەتكە خەت يازدىم، ھەممىڭلارنى ئەكەتىمەن. سەن ئوقۇيسەن، تېخى ئادەم بولىدىغان ۋاقتىڭ ئالدىڭدا ...

لېكىن مۇختەرنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. ئۇنىڭ دوستلىرى ئاتا - ئانىسىغا خەت يېزىش، ئۇنىڭغا ئىسسىقلىق بېرىش بىلەنلا چەكلەندى. خوجايىنلارنىڭ بۇ بالا بىلەن كارى بولمىدى. بۇنداق ھېمايىسىز بالىلار بۇ يەردە شۇنچە كۆپ. خىروئىن چېكىپ، ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقانلار ھەممىلا ياتاقلاردا بار. ئۇلارمۇ ھىمايىسىز بالىلار. ئۇلار بۇ يەرگە گۈزەل ئارزۇلار بىلەن كەلگەن. ئۇلارنى بۇ يەرگە چىللىغانلارمۇ ئاشۇ ھازىرقى پۇلدارلار. چۈنكى پۇلدارلارمۇ بىر چاغلاردا مۇشۇ بالىلاردەك قارام، ئارزۇلۇق يالىڭاياغلار ئىدى. ئۇلارمۇ ئاتا - ئانىسىنى قاقشىتىپ ئاز - تولا پۇل

بىلەن كەلگەن، تەۋەككۇلچىلىك ئۈستىگە
ئوڭ تەلەيلىكى قوشۇلۇپ، ئۇلار پۇللۇق
بولۇشقان. پۇللۇق بولۇشقان - دە، يېڭى
ئارزۇلارنىڭ ئىگىسى بولۇشقان. مانا ھازىر
ئۇلار دۇنيادىكى چوڭ بايلاردەك بولۇشنى،
يۈزلىگەن ئادەملەرنىڭ ئۇلارغا يالىنىشى،
ئۇلارغا تىزلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.
«لاۋبەن» (يەنى خوجايىن) دېگەن نام
ئۇلار ئۈچۈن تاج، قانات، كۈچ - قۇۋۋەت،
بۇ نامنىڭ ھۆرمىتى بىلەن ئۇلار ھەممىلا
ئادەمنى ئۆزلىرىدىن تۆۋەن ھېسابلايدۇ،
ھەممىلا نەرسىگە ئېرىشەلەيمەن دەپ
ھۆكۈم قىلالايدۇ.

مۆمىن ئەپەندى ئىسلامخاننىڭ ياتىقىدا
تەرپۇراپ تۇرغان بورا ئۈستىدە ئوڭدا
يېتىپ مۇختەرنىڭ غېمىنى قىلىپ زادىلا
ئۇخلىيالمىدى. ئۇ، بۇ يەردىكى بالىلار
بىلەن ئارىلاشقاندىن بېرى ھاياتنى تېخىمۇ
چوڭقۇرراق چۈشەندى: مەكتەپ تەربىيىسى
بىر خىل مۇقىم، مۇنتىزىملاشقان تەربىيە،
لېكىن جەمئىيەت تەربىيىسىچۇ؟ بۇ تەربىيە-
نىڭ شەكلى يوق، قانۇنىيىتىمۇ مۇقىم
ئەمەس. مۇنۇ ئىنسانىي خۇسۇسىيىتىنى
ئۇپرىتىپ تۈگىتىشكە يۈزلەنگەن ياشلارنى
توغرا يولغا باشلاشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى
ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقانلار قانچىدۇ؟ يۈگەن-
سىز، نىشانسىز، باش - پاناھسىز بالىلارنى
يېگىچە بىر يولغا باشلاشنىڭ ئامالى
يوقمىدۇ؟ دۇرۇس، بىزدە ھەر يىلى نەچچە
مىڭلىغان بالىلار ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى
پۈتتۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاز قىسمىلا ئالىي
مەكتەپلەرگە كىرەلەيدۇ، بۇلاردىن سىرت
ئوقۇشتىن ئۈمىد كۈتمەستىن، تەۋەككۇل-
چىلىك بىلەن ھاياتتىن يېڭى يول ئىزلە-
گۈچى مىڭلىغان بالىلارمۇ بار: ئۇلار
كەلگۈسى توغرىسىدا، ئىنسانىي پەزىلەتتىن
بەھرىمەن بولۇش توغرىسىدا، ئىنسانىيەتكە
پايدا يەتكۈزۈش توغرىسىدا زادىلا
ئويلانمايدۇ، ئىنساننىڭ كەلگۈسى،
جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى گويا ئۇلار بىلەن
مۇناسىۋەتسىز. ئۇلار كۆپرەك پۇل، راھەت -
پاراغەت، نام - ئاتاق تېپىشنىلا مەنىلىك
ھېسابلايدۇ، شۇنداق قىلالىسىلا ئۆزلىرىنى
بەخت - تەلەيلىك سانايدۇ. ئۇلارغا ئادەم
بولۇشنىڭ يولىنى بىلدۇرۇشتە ئۈنۈملۈك
چارە نېمە؟

مۆمىن ئەپەندى بۇ سوئاللارنىڭ ھېچقايسى-
سىغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئۇ پەقەت بىرلا
نەرسىنى بىلىدۇ: ئۇ تەربىيىچى بولغانچقا،
ئادەم تەربىيىلەشنى ئۆزىنىڭ ئىنسانىيلىكىت
ئادىتى قىلىپ يېتىلدۇرگەچكە، مۇنۇ يولدىن
چىققان بالىلارنى توغرا يولغا باشلاشتا،
ئۆزىمۇ مەسئۇلىيەت ئىگىسى. بۇ خۇددى
نان ئىسراپ بولسا، ھەممىدىن بەك دېھقان
ئېچىنغاندەك، گۆش بېزەپ بولسا چارۋىچى
بىئارام بولغاندەك، مېۋە تاشلانسا باغۋەن
چىدىمىغاندەك بىر خىل تەبىئىي سەزگۈ.
ئىنسان سۆيگۈ ۋە ھەۋەسنى ھەممىدىن ئەلا
بىلگۈچى، ئىنسان مۇشۇ ئالاھىدىلىكى
بىلەن سۆيۈملۈك، مۇشۇ بەلگىسى بىلەن
جاپاكەش، سۆيگۈ ۋە ھەۋەستىن ئايرىلىپ-
قانلا بولسا، بۇ خىل ئىنسان بالىسى
ئەلۋەتتە ئۆزىنى ئۆزى قەدىرلىيەلەيدۇ.

مۆمىن ئەپەندى مۇختەرنىڭ ئىششىغان
كۆزلىرىدىن سىرغىپ چىققان ياشتىن،
ئۇنىڭ ئازاب ۋە ئىنجىق بىلەن ئېيتقان
ھېلىقى سۆزلىرىدىن سۆيگۈ بەلگىسىنى
كۆردى. مۇختەر ھاياتنى، گۈزەللىكنى
سۆيىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە گۈزەل نەرسىلەرگە
مۇھەببەت، قەبىھلىككە نەپرەت بار.
مۇختەردەك بالىلارنى قوغداش، قۇتقۇزۇش
چوڭلارنىڭ ۋەزىپە - بۇرچى...

— نېمە بولدىڭىز، نېمە بولدىڭىز ئەپەندىم؟ — ئىسلامخان ئۇنى ئېغىتتى، — نېمانداق ۋارقىرايسىز؟ كىمنى كىم بوغدى؟

— مۇختەرنى بوغدى.

— كىم بوغدى؟

— قاراۋۇل بوغدى!

— سىزنى قارا باسقان ئوخشايدۇ ئەپەندىم، ئەجەبمۇ قاتتىق ۋارقىرىدىڭىز.

مۆمىن ئەپەندى چىراغ ياندۇرغاندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ خىيال بىلەن يېتىپ ئۇخلىغانلىقى ۋە يامان چۈش كۆرگەنلىكىنى يادىغا ئالدى.

ئىسلامخان ئۇنىڭغا مۇزدەك چاي بەردى. ئايال ئىچ كېيىم بىلەن، جەلپكار بەدىنى يېرىم يالىڭاچ هالدا ئەپەندىگە سۈركىلىپ ئولتۇردى. ئەپەندىنىڭ ئايال بەدىنىدىن لەززەتلىنىش ئىستىكى يوقتەك، گويا بۇ خىل ئىستەك ئۇنىڭ هاياتىدا بولۇپ باقمىغاندەك، يەنە گويا ئالدىدا تۇرغان ئادەم ئۆزى بىلەن بىر جىنىس ياكى ئۇ بەدەن ئۇزۇن يىل بىللە ياشاش سەۋەبىدىن ئۆز بەدىنىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەندەك، ئۇ ئەرلەرگە يات هالدا پەرۋاسىز، تەسىرسىز ۋە هېسسىياتسىز ئىدى.

ئايال ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى - دە:

— ئەپەندىم، ئېسىل - خىيالىڭىز مەكتىپىڭىزدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، قىزىم، — دېدى «قىزىم»نى ئالاھىدە تەكىتلەپ، — مەكتىپىمنى ئۇنتۇدۇم.

— قىزىق، ها، ها، ها ... ئەمىسە خىيالىڭىزغا بىر ئايال كىرىۋاپتۇ - دە؟

— ياق، ياق، ياق، بالىلار كىرىۋالدى. ئۇلارنى هالاكەتتىن قۇتقۇزۇش مەكتەپ ئېچىشتىنمۇ مۇهىم. مۇختەر ئۈچ كۈن بوپتۇ ياتقىلى، ئۇنى دوختۇرغا ئاپىرىدىغان ئادەم چىقماپتۇ. بۇ قانداق بولغىنى؟ ئۆز قېرىندىشى ئۈچۈن ئوت تەڭگە خەجلەيدىغان بىر مەردانە چىقماپتۇ. ئەتىگەنلىككە سەنيۇەنلىگە بېرىپ، بالىنى دوختۇرغا ئاپىرىمەن، سىڭلىم.

— بۇ تەنتەك بالىلارنىڭ جېدەلى تولا ئەپەندىم. بۇلار تاياقتا كۆندۈك، جېنى چىڭ، ساقىيىپ قالىدۇ. بۇلار ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ نېمە قىلىسىز، كېيىن پۇشايماندا قالىسىز. مەن بىر نەچچە يېتىمەككە ياخشىلىق قىلدىم، شۇلار مېنىڭ پۇلۇمنى ئوغرىلىدى. تۆتى بىرلىشىپ مېنى ئۇردى، ئەسكىلىك قىلماقچى بولدى تېخى! دېدىمغۇ، بۇ يەردە تۈزۈك ئادەم يوق، بۇ بالىلارغا ئىچ ئاغرىتماڭ. ئاشۇ مۇختەرمۇ ئوغرى، قىزىلكۆز. هەر قانداق مېۋىنىڭ شاكىلى بولىدۇ، هەر قانداق ئۆينىڭ ئەخلىتى بولىدۇ، بۇ بالىلار شاكال، ئەخلەت!

— بەلكى، بەلكى شۇنداقتۇ قىزىم، لېكىن مەن قاراپ تۇرالمايمەن. قاراپ تۇرۇپ بالىلارنىڭ كارىدىن چىقىشىغا چىدىيالمايمەن!

— قولىڭىزدىن هېچ ئىش كەلمەيدۇ، ئەپەندىم. خروئىن بىلەن زەهەرلىنىپ ياتقان نەچچە يۈز بالىنىڭ قايسىبىرىنى يامان يولدىن ياندۇرالايسىز، قايسى بىرسىنىڭ هالىغا يېتەلەيسىز؟

— مەن ئىئانە يىغىشتىن يالتايدىم. مەن تەلئەتكە، ئىلهامغا ۋە يەنە هېلىقى ئىنسابلىق بايلارغا ئېيتىمەن. بالىلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ يولىنى قىلايلى. خروئىن بىلەن زەهەرلەنگەنلەر يۈزدەك بار ئىكەن، ئۇلارنى يىغىپ داۋالاشقا بولىدىكەن. بۇنىڭغا پۇل لازىم. پۇل دېگەن بىزنىڭ ئادەملىرىمىزدە بار. ئەمدى ئىنسان، مېهرى - شەپقەت بولسىلا بولغىنى. سىڭلىم، نېمىشقا بىز ئادەملەردە ئۆز - ئۆزىنى هۆرمەتلەش، قەدىرلەش روهىنى يېتىلدۈرەلمەيمىز - هە؟ مانا سىزنى ئالايلى، سىزمۇ يولدىن ئازغان، ناشايان ئىشلارنى قىلغان. هازىر سىز ئۇ يولدىن سەسكەنگەن. ئىنسانىي پەزىلەتكە مۇهتاج

بولغانسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن مەندەك بىر يارامسىز قېرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ...

— ياق، ئاشىق بولۇپ...

— ئۇنداق دېمەك، كۆڭۈل بۆلۈپ ياتقىنىڭىزدا بېقىۋاتىمىز. سىزدە بۇ مۇھتاجلىق نەدىن پەيدا بولدى؟ دەھر قانداق شەيئىي تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتسە، ئەكسىگە قايتىدۇ» دېگەن ھېكمەت بار. ناشىستلار نەچچە مىليون يەھۇدىنى بىكاردىنلا قىردى، قاباھەت چېكىدىن ئاشتى. ئاخىر بۇ قاباھەتچىلىك يەھۇدىلارنىڭ دۆلىتى ئىسرائىلىيىنى تۇغدى. چىڭگىزخان مۇشۇ گۇاڭجۇدىن تارتىپ سىبىرىيىگىچە، بېيجىڭ - شاڭخەيدىن تاكى بالتىق دېڭىزى بويىدىكى پىرۇسسىيەنىڭ شەھىرى ليۇبەككىچە بولغان كەڭ زېمىننى قىلىچ، ئوت كۈچى بىلەن ئالغىنىغا ئالغان ئىدى، قاباھەت چېكىدىن ئاشتى، ئاخىرى نېمە بولدى؟ مانا ھازىر ئۇ ئىشلارغا 700 - 800 يىل ئۆتتى. ھازىر ئۇ يەرلەردە جۇڭگو، سوۋېت، گېرمانىيە، پولشا ... ۋاي - ۋۇي نۇرغۇن دۆلەتلەر بارلىققا كەلدى! باللىرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش. مەلۇم چەككە بارغاندا ئەكسىگە يانىدۇ.

— شۇ چەككە يېتىشنى كۈتسەك بولامدۇ، ئەمىسە؟

— شۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى، قانۇنىيەتمۇ شۇ. لېكىن مەن چىدىيالمايمەن، باللارنىڭ خارابلىشىشى مېنىڭ ئارامىمنى قويمىدى، ئۇيقۇمنى يىراقلاتتى، يۈرەك ئاغرىقىمنى قوزغاپ قويدى» قىزىم ئىسلامخان، ماڭا ياردەم قىلىڭ، ئىنسابلىق بايلارغا مېنىڭ پىكرىمنى يەتكۈزۈڭ، ئۇلار قېرىنداشلىرىنى قۇتقۇزۇشقا ياردەم قىلسۇن. يۇرتقا بارغاندا ئەلۋەتتە پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە بۇ ئىشنى ئېيتىمەن. خەلققە چاقىرىق چىقىرىمەن!

ئىسلامخان قورۇقلىرى تېخىمۇ كۆپەيگەن، تېخىمۇ قاردىاپ، تېخىمۇ ئاجىزلاشقان كۆ-

رۈمسىز ئادەمنىڭ قىزارغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراردى. ئۇ نۇرغۇن كىتاب ئوقۇغان، نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆرگەن، كېيىن بولسا پۇل تېپىشقا بېرىلىپ، پۇل ھەممىگە قادىر ئىكەن دېگەن پىكىرنىمۇ ياقىلىغان، لېكىن قەلبى پۇل بىلەن قۇلۇپلانغان ئادەملەردىن تولىمۇ كۆپ ئىنسابسىزلىق، ۋەھشىيلىك كۆرۈپ پۇل بىلەن زەھەرلىنىشىمۇ خرويىن بىلەن زەھەرلىنىشكە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن. ئۇلارنىڭ بىرسى (يەنى خرويىن) بىرلا قېتىم چەكسەك سىنىڭ بەدىنىڭدە ئاغرىق، ئازاب بىلەن ئىپادىلىنىدىغان خۇمار پەيدا قىلىپ، سېنى يالغۇز ئۇسسۇزلۇق بىلەن زەھەردىن باشقىنى ئويلىمايدىغان قۇرۇق سۆيەككە ئايلاندۇرۇپ، ئاخىرى جىسمانىي جەھەتتىن كېرەكسىز قىلىدىغانلىقىنى، يەنە بىرسى (يەنى پۇل) بولسا، روھىي جەھەتتىن زەھەرلەپ ھەر قانداق قىلىپ بولسىمۇ باشقىلارنىڭ نېسىۋىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىش خۇمارىغا گىرىپتار قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن. لېكىن بۇ ئىككى خىل زەھەرگە نەپرىتى كۈچلۈك ئادەمنى تېخى كۆرمىگەن ئىدى. ئۇ، مانا بۈگۈن كۆرۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئالدىدا ئولتۇرغان مۇنۇ بوۋايدا ئۆزىدە يوق بىر خىسلەتنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ، بوۋايغا تېخىمۇ بېرىلدى. ئۇنىڭ بوۋاينى قۇچاقلىغىسى، سۆيگىسى بار، لېكىن بوۋاي بۇنى خالىمايدۇ.

— بولىدۇ، مۆمىن ئەپەندىم، مەن سىزگە بايلارنى يىغىپ بېرەي! — دېدى ئىسلامخان بوۋاينى يەلپۈگۈچ بىلەن يەلپۈپ تۇرۇپ، — ھازىر ئۇخلاڭ، ئەتىدىن باشلاپ مەن سىزنىڭ ياردەمچىڭىز بولاي.

يەلپۈگۈچنىڭ ئەللەيلىشى بىلەن مۆمىن ئەپەندى ئاستا - ئاستا ئۇخلاپ قالدى.

## 3

— قىپقىزىل ساراڭكەن بۇ قېرى! — دېدى ئىلھام كاسكا تەلئەتكە قوللىرىنى شىلتىپ، ئە-تاپقان ئىشىنى قارىمامدىغان، بۇ بالىلارنى ئەكەتسەڭ يەنە كېلىدۇ، يەنە قۇتقۇزساڭ يەنە بۇزۇلىدۇ. پۈتۈن ئۇيغۇرنىڭ قېنىنى يىغلاش كېرەك. بۇنىڭغا بىر ئەسىر، بەلكى بەش ئەسىر كېتەر. نەچچە ئون مۇئمىن ئەپەندىدەك ئەخلاقشۇناسلارنىڭمۇ بۇ ئىشقا ئۆمرى يەتمەيدۇ!

— ئۇنى دېمىسىمۇ بىز خەق بىلىۋېيىم. مەنمۇ بۇ بالىلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيدىكەنمەن. بۇنچە جىق بالىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكىنىنى بىلمەيدىكەنمەن. راستىلا ئېچىنىشلىق. سەن نېمە دېسەڭ دەۋەرگىن، مەن مۇئمىن ئەپەندىنى قوللايمەن، بالىلارنى قۇتقۇزۇش كېرەك، مەن بۇ ئىشقا پۇل بېرىمەن!

— پۇل بىلەن نېمە ئىش تاگىناتتىدۇ ھەي دارازا؟ بۇ ئەخمەق قېرى يوق يەردىن ئىش تاپىدىكەن. خىرونىدىن زەھەرلەنگەنلەرنى بىز ئەمەس، پۈتۈن دۇنيا ئۆگىنىۋاتىدۇ. ئامېرىكا، فرانسىيە، گېرمانىيە، يەنە قايسى يە، نېمىيەلەردە بۇ ئىشقا قارشى كومىتېتلار، تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىمۇ بۇ ئىشقا باش قاتۇرۇۋاتىدۇ. سېنىڭ تۆت تەڭگە پۇلۇڭ بىلەن بىر نەچچە يۈز بالىنى ئەمەس، ۋابا كېسەللىك تەگكەن تۇخۇلارنىمۇ قۇتقۇزغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشقا پۇل بەرسەڭ بۇ قېرى يەنە بىر يېڭى ئىش تاپىدۇ. ياخشىسى، ھەراست دەپ قويۇپ، بۇ قېرىنى ئاز-تولا ئىشانە بىلەن يولغا سالغان ياخشى.

— مەيلى بۇ ئادەمنىڭ ئىشى ئۇنۇم بەرسۇن-بەرمىسۇن، ماڭا تەسىر قىلدى. سەن كاسكا سۆزلەشنى بىلىسەن، خەلقنى ئويلىمايسەن. مەنمۇ كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم، مۇئمىن ئەپەندىنىڭ گەپلىرى ماڭا تەسىر قىلدى. پۇل-پۇل دەپ ئۆلۈپ كېتىدىكەنمىز. پۇلدىن خەلققە پايدا كەلمەيدىكەن. پايدا بەرمەيدىغان ئادەمنى قانداقمۇ ئادەم دېگىلى بولسۇن.

— ئۇنداقتا، سەنمۇ ئادەم ئەمەسسەن-دە؟

— مەن ئانچە-مۇنچە پايدا بەرگەندىمەن؟

— مەسچىتكە نېمىشكە پۇل بەرمىدىڭ ئەمەسە؟

— مەن مەسچىتكە ئۆچ.

— كۆرە بۇنىڭ گېپىنى. پازىل مەكتەپكە ئۆچ، سەن مەسچىتكە ئۆچ، مەن ساڭا ئوخشاش مەردلەرگە ئۆچ.

— مەن قورۇق گەپساتىدىغان كاسكىغا ئۆچ.

— ئۆچ بولساڭ نېمىگە چىللىدىڭ بۇ يەرگە.

— باي بولىۋالسۇن دەپ.

— مېنى باي قىلىپ نېمە قىلماقچىدىڭ؟

— كۆزى يۇلغا تويسا مەردرەك بولارمىكىن دېگەن ئىدىم.

— نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ دارازا. مەن دېگەن بېيىغانسېرى بېخىللىشىدىغانلاردىن. ئۈچ تۈمەن پۇلۇم ھازىر بەش تۈمەن بولدى، بۇرۇنقىدىن بىر ھەسسە بېخىلمەن ھازىر. پۇلۇم سېنىڭكىدەك مىليونغا يەتسە يالىڭاياغ يۈرىدىغان، داغ سۇ ئىچىدىغان، داق يەردە ياتىدىغان بېخىلغا ئايلىنىمەن!

— خۇدايىم مۇرادىڭغا يەت، ئارىمىزدىن تېزرەك كەت، ۋۇي نىيىتى يامان بەتنىيەت!

— ھا، ھا، ھا... مەردلىك قىلىنسا ئاخماق، تىلىڭ جايىدا چاقماق، كېپىڭ مۆمىنگە ياقماق!...

— ھا، ھا، ھا...

ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرى ئاخىرلاشتى، كۈلكىلىرىمۇ تىنجىدى. تەلئەت ئۆز گۇرۇپپىسىدىكى يىگىتلەرگە تۈنۈگۈن سەنيۇەندىكى ئەڭ ياخشى خۇيزۇ ئاشخانىسىدا بولۇنغان گەپلەرنى دەپ بەردى:

ھەرقانداق ئادەمنى ئېرىتەلەيدىغان ئىسلامخان تاكسى يالاپ گۇاڭجۇ، شېنجېندىكى ھەممە ئۆزىغۇر بايلارنى بىرمۇ-بىر

ئالدىغا بېرىپ مېھمانغا چىللىدى. باشقا ئاۋاتىرۇشلارغا ئانچە بارمايدىغان ئېشىۋاز بايلارمۇ، تەكەببۇر «لاۋبەن»لەرمۇ ئىسلامخاننىڭ چېيىغا بارماي قالمايدۇ. چۈنكى ئىسلامخان ھەر بىر بايغا ئۆز مىجەزىگە لايىق مۇناسىۋەت قىلىشنى بىلىدۇ، بىرلىرىنى ماختايدۇ، بىرلىرىنى تىللايدۇ. بىرلىرىگە ئەركىلەيدۇ، ھەتتا بىرلىرىنى سۆيۈپمۇ قويىدۇ. چىرايلىق، خۇلقى - مىجەزى تارتىملىق ئايال بىلەن بىردەم بولسىمۇ بىللە بولۇشنى قانداق ئەركەك خالىمايدۇ-ھە؟

چايغا چاقىرىلغانلار ھەممىسى كەلدى. ئەلۋەتتە پازىل ھاجى باشلىق بايلار ھۆرمەتلىك ئورۇندا ئولتىرۇشتى. ئىچىش باشلىنىش بىلەن ئىسلامخان قولىغا گوللاندىيە ۋىسكىسى تولدۇرۇلغان رومكىنى ئېلىپ، تارتىنماستىن ئۆز مىزدىناسىنى ئېيتتى ۋە سۆزىنى:

— ماللىي غىزرۇر قىزرۇق گەپ ئەمەس، ئۇ بىر ھەرىكەت! مانا بۇ مۆمىن ئەپەندىنىڭ سۆزى. جاراھەت دورىسىز ساقايمايدۇ. بىزمۇ شۇنداق، بەدىنىمىزدىكى جاراھەتنى ئۆزىمىز ساقايتىمىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرايلى! — دېگەن تەنتەنىلىك سۆز بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. بۇنداق سورۇنلاردا ئۆز سۆزمەنلىكى بىلەن تونۇلۇشقا ئادەتلەنگەن ئىلھام كاسكا ئۇزۇن نۇتقىنىڭ بېشىنى:

— سىڭلىم توغرا ئېيتتى، لېكىن چالا ئېيتتى، — دەپ باشلىدى ۋە قولىدىكى لىق ماۋتاي تولدۇرۇلغان رومكىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — قىزرۇق سۆز ئەمەس ھەرىكەت دېگىنىنىڭ يەشمىسى مۇنداق: گۈزەل ئىدىيە ئىنسان مېڭىسىدە پەيدا بولغاندىن كېيىن، خۇددى ئۇ پورەك گۈلگە ئايلانغاندەك ماددىغا ئايلىنىدۇ، بۇ ماددا ئىنسان پائالىيىتىدە، يەنى كونكرېت ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىدۇ...

ئۇنىڭ يېرىم سائەتتىن ئۇزاق داۋاملاشقان پەلسەپىلىك پىكىرلەر بىلەن تولغان نۇتقى ئاخىرلاشقىچە سورۇندىكىلەرنىڭ يېرىمىدىن تولىسى مەست بولۇپ قالدى. چۈنكى ھەر ئۈچ ئېغىز سۆزىنىڭ بىرىدە: «ئىستىقبال ئۈچۈن ئىچەيلى»، «گۈزەللىك ئۈچۈن»، «مۆمىن ئاكام ئۈچۈن»، «ئىسلامخاننىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن» دەپ قەدەھ بوشىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ئۇزۇن ۋە دەبدەبىلىك سۆزى كۆپچىلىكنى بولۇپمۇ مۆمىن ئەپەندىنى بىزار قىلدى. سەۋەبى ئۇ بارغانچە بۇ ئولتۇرۇشنىڭ مەقسىتىنى بۇرمىلاپ، يەپ - ئىچىپ كۆڭۈل ئېچىشقا ئايلاندۇرماقتا ئىدى. ئاخىر ئىسلامخاننىڭ تاقىتى قالمىدى!

— توختاڭا، — دېدى ئىسلامخان جىددىي قىلىپ، — ئاۋۋال مۆمىن ئەپەندىم بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىۋالسۇن!

— مۆمىن ئەپەندىمۇ؟ — دېدى كەمسىتىش تەلەپپۇزىدا، — بۇ كىشى ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەشنى كۆپ مەشىق قىلغان، لېكىن قەدەھ سۆزى سۆزلەشنى ماڭا ھاۋالە قىلغان. شۇنداقمۇ، مۆمىن ئەپەندىم؟

— شۇنداق، — دېدى مۆمىن ئەپەندىم تەستە كۈلۈمسىرەپ. ئۇنىڭ سۈنئىي كۈلكە، سۈنئىي مادارا، سۈنئىي سۈكۈتنى ئۆزلەشتۈرەلمىگەنلىكى بۈگۈن تازا بىلىنىدى، — لېكىن...

— «لېكىن» سىزدىن بولسا مەن «چۈنكى» بىلەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇۋېرەي!

ئىلھام كاسكا مۆمىن ئەپەندىنىڭ سۆزىنى بۆلدى.

— قويۇڭ، بۇ «چۈنكى»، «چۈنكى» لىرىڭىزنى! — دېدى ئىسلامخان تېرىكىپ، — بىزدە بىر مەقسەت بار - دە!

— ھەممىمىزدە مەقسەت بار! — دېدى ئىلھاممۇ ۋارقىراپ، — يېيىش - ئىچىش، كۆڭۈل كۆتۈرۈش بۇ مەقسەت ئەمەسمىكەن؟

-جايىدا، جايىدا! - دەپ ۋارقىرىدى پازىل ھاجى خۇشال بولۇپ، - ئىنسان دېگەننىڭ تۈپ مەقسىتى شۇ!

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە مۆمىن ئەپەندى ھېلىقى «دىپلوماتىيە ۋاستە»لىرىنى ئۇنتۇپ قالدى. ئۇنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرىقى بۇ «يۇقىرى قاتلام» ئادەملىرىگە بولغان نەپرىتى بىردىنلا يالقۇنلىدى:

-بۇ خىل مەقسەت ھەممىلا مەخلۇقاتتا بار ئىنسلىردىم. بىز راھەت - پاراغەتتە، لېكىن ئىنىلىرىمىز، بالىلىرىمىز ھالاك بولۇۋاتىدۇ!

- ئۇلار بىلەن سېنىڭ نېمە كارىڭ!- دېدى پازىل نەچچە كۈندىن بېرى ئاڭلىغان «ئىسلامخان مۆمىن ئەپەندىگە نىكاھلىنىۋاپتۇ» دېگەن گەپ بىلەن پەيدا بولغان غەزىپىدىن بىردىنلا پارتلاپ، - ئۆزلىرى تاللىۋالغان يول شۇ. سېنىڭ نېمە نازۇك يېرىڭ قىمىلداپ كەتتى

-ئۇكام پازىل ھاجى! - دېدى مۆمىن ئەپەندى تامدەك تاتىرىپ، - ئۇلار بىزنىڭ ئەۋلادىمىز ئەمەسمۇ، نېمانداق قوپال سۆزلەيسىز؟

-قوپال؟ گۇاڭجۇدا سېنىڭ ئەپەندىچىلىكىڭگە ئورۇن يوق. ساڭا ئوخشاش قوڭالتاقتىن توقسىنى مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلىۋاتىدۇ، بىلەمسەن؟

-بۇنىسى راست، لېكىن ھاجىم بۇنىڭلىق بىلەن ماختانغىلى بولمايدۇغۇ؟

-نېمە بىلەن ماختانسا بولىدۇ ئەمەسە؟ قۇرۇق گەپ، يالغان كۆيۈمچانلىق بىلەنمۇ؟ ئېيتقىنا، قۇرۇق گېپىڭگە ھۆكۈمەت قانچىلىك ئايلىق بېرىدۇ، ئۈچ يۈزمۇ، تۆت يۈزمۇ؟ مەن ساڭا مىڭ سومدىن ئايلىق بېرەي، ئىشىكىمدە كۆزەتچىلىك قىلغىنا، قىلامسەن؟

-سەن بالا، - دېدى ئەمدى مۆمىن ئەپەندى بوغۇلۇپ خىرىلداپ، - ھارامدىن كەلگەن تۆت تەڭگە پۇلۇڭ بىلەن ماختانما. بىلىپ قوي: دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بايھەسەن بەرگىيامۇ 290 مىليارد دوللارى تۇرۇقلۇقمۇ مۇئەللىمگە بۇنداق ھاقارەتلىك گەپ قىلغان ئەمەس، بەلكى ئېگىلىپ سالام قىلغان!

-تېخى ساڭا ئوخشاش لالمىغا! نېمەڭگە كۆرەڭلەيسەن، نېمەڭ بار، قانچىلىك ئايلىق ئالىسەن لالما؟

-ئەقلىڭ بولسا، قانچىلىك ئالغىنىنى سورىماي خەلققە نېمىلەرنى بەرگىنىنى سورا. بىلەمسەن، مەن قىرىق سەككىز يىل بالا ئوقۇتتۇم، قىرىق سەككىز يىل قانچىلىك قان - تەر بەردىم، قانچىلىك كۈچ بەردىم، مانا بۇنى سورا!

-قىرىق سەككىزنى ئەللىك قىل، يۈز قىل، سېنىڭ بايلىقىڭ شۇ بولسا، بىزگە پۇل كېرەك. سەن قۇتقۇزىمەن دېگەن ئاشۇ شۇملاردىن يۈزى ئۆلسە ئۆلسۇن، بىزنىڭ كارىمىز يوق، بىز پۇل تاپساقلا بولدى.

-«بىز» دېمەي «مەن» دەپ سۆزلە پازىل ساختا، قوللىرىڭنى يىغىشتۇرۇۋال!- دېدى سالماقلىق بىلەن تەلئەت «لاۋ بەن» غەزەپتىن كۆكىرىپ، - ھەممىلا ئادەم ساڭا ئوخشاش پەسكەش ئەمەس. سەن قوللىمىساڭ مەن قوللايمەن. مۆمىن ئەپەندىم، بولدى، مەن مانا بىرىنچى بولۇپ سىزنى قوللايمەن!

- مەنمۇ قوللايمەن!

-بىزمۇ قوللايمىز!

-بىزھەم شۇ!

پازىل ھاجىغا چىش غۇچۇرلىتىپ يۇرۇشكەن چوڭ - كىچىك پۇلدارلار تۆشۈم-تۆشتىن چۇرقىراشتى. پازىل بىردىنلا ئالتۇن چىشلىرىنى پارقىرىتىپ يالغان ھىجايدى:

-بەللى، بەللى، خاتا گەپ قىلدىممۇ نېمە؟ ئەكىلىڭ مۆمىن ئەپەندىم قولىڭىزنى، بولدى، مەن سىزگە ناماقۇل، ئەتىنكى ئولتۇرۇش مەندىن بولسۇن. بولدى، بولدى!...

ئۇ دىقماق قوللىرىنى ھاۋادا پولاڭلاتتى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئىلھام كاسكا دەبدەبە بىلەن گەپ باشلىدى:

—قېرىنداشلار، باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، كۆردۈڭلارمۇ مۇنۇ تاماشىبىنلارنى؟ مۆمىن ئاكام توغرا ئېيتىدۇ، مىللىي غۇرۇر، مىللىي ئىززەت - ئابروي، مىللىي ئاڭ ھەر قانداق ئالتۇن - كۈمۈشتىن ئۈستۈن! مەسىلىگە ياپونلارنى ئالساق...

بۇزۇلغان ئولتۇرۇش ئىلھام كاسكىنىڭ سۆزمەنلىكى بىلەن قايتىدىن ئەسلىگە كەلدى.

تەلئەت لاۋبەننىڭ ئادەملىرى بۇ گەپلەرنى زوق بىلەن ئاڭلىدى. بۇ يىگىتلەر ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرمۇ، ئالىي مەكتەپتە ئىككى-ئۈچ يىل ئوقۇغان ئوقۇمۇشلۇقلارمۇ، ئۆمرىدە يەرگە ئىشلەشتىن باشقىنى قىلىپ باقمىغان سەممىي، پاكىز يېزىلىك دېھقان بالىلىرىمۇ، بەش ۋاق نامازنى قازاسىز ئوقۇيدىغان تەقۋادار يىگىتلەرمۇ، شۇنىڭ بىلەن يەنە ئون سوم تاپسا يىگىرمە سوم خەجلەشكە ئۆگەنگەن زامان ئالىتاناتلىرىمۇ بار. ئۇلار نېمىلا بولمىسۇن تەلئەت «لاۋبەن» نىڭ ئادەملىرى بولغاچقا، ئەخلاق - دىيانەت، مىللەتنىڭ ساپاسى توغرىسىدا پات - پاتلا سۆزلىشىدۇ، كىتابلارنى بېرىلىپ ئوقۇيدۇ. كىتابلار توغرىسىدا، كەلگۈسى توغرىسىدا سۆزلىشىدۇ-دە. ئۇلار تۆشمۇتۆشتىن ئۆز باشلىقىنى قوللاپ:

— بەش - ئون مىڭ سوم دېگەن نېمىدى؟ بېرىمىز، راست ئەمەسمۇ؟

—ئۇنى دېمىسىمۇ پازىل ھاجىمدا ئىنساپ يوق.

—ئۇنىڭ خاپىلىقى باشقا. ئەسلىمىخان ئۇنىڭغا قولىنى تۇتقۇزمىغان گەپ، كۈنچىلىك دېگىلار!

—ئۇنىڭ قولىدىن ھەممە ئىشكىلىك كېلىدۇ جۇمۇ؟

—ھەددىسىنىڭ ئوغلى ھېلىقى ھوشيار دېگەن تۈگەشكەن ئوخشايدۇغۇ؟

—ھېلىقى خىروئىن چېكىپ نىمجان بولۇپ قالغاننىڭ ئېتى نېمىدى؟ بۇرناكۈن شۇ ئۆلگەن ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۆلگىنىنى ھېلىقى ئالغاي قىمارۋاز ئوغرىلاپ ئاپىرىپ شياڭگاڭلىق خىروئىنچىلارغا سېتىپتۇ. ھوشيار دېگەن بالا ئۇ ئالغاينى ساقچىغا تۇتۇپ بېرىپتۇ. بۇنىڭغا پازىل ھاجىنىڭ نېمە چېتىشلىقى باركىنتاڭ، مانا! ئەمەسمە دەپ ھوشيار دېگەن بالىنى سولىتىپ قويۇپتۇ.

—ئۇنى نېمىشكە سولىتىپتۇ؟

—پازىل ھاجىدىن بىسوراق ئىش قىلغان-دە!

—ياق، ھېلىقى ھەببە دېگەن قىز بىلەن بىرلىشىپ پازىل ھاجىنىڭ بىر ساندۇقتىن پۇل ئالغان چېغى!

—ياق، ھاجىمنىڭ ئايالى بەرگەن گەپ!

— ئىشقىلىپ ھاجىمنىڭ چىشىغا تەگكەن دېگىنە؟

— مۆمىن ئەپەندىم ئاستا كەتسە بولارمىكىن، بۇ پازىل ھاجى سۇيىقەست قىلىشتىن يانمايدۇ. يىلاندەك قىساسخور كاساپەت ئۇ!

تەلئەت يىگىتلىرىنىڭ ھېسداشلىقىدىن خۇشال بولۇپ ئىلھام كاسكىغا ئىنىمە قىلدى:

— گەپنىڭ سالمىقى ئۇزۇن - قىسقىلىقتا ئەمەس ھە، ئىلھام؟ قارا، مۇنۇ يىگىتلەر قىسقا، ئېنىق گەپ قىلدى. دوستۇم سەن ئۇزۇن سۆزلەيسەن، چىرايلىق سۆزلەيسەن، لېكىن يالغان، مەنىسىز سۆزلەيسەن!

— شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ساڭا قارىغاندا ھۆرمەتكە يېقىن. بىلەمسەن، بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ئىككى خىل ئادەملەر يەم سۈرەلەيدۇ: بىرلىرى سۆزمەنلەر، بىرلىرى ھىيلىگەرلەر. بۇ ئىككىسى ئىككى خىل ئۇقۇم، لېكىن قوشكېزەك. ئىككى خىل ئادەملەر زىيانغا ئامراق بولىدۇ: بىرلىرى، راستچىللار، بىرلىرى، ئىشچانلار.

— سەن بۇلاردىن قايسىسىغا كىرىسەن، ئىلھام؟

— ئەلۋەتتە بىرىنچىنىڭ بىرىنچىسىگە. ئاخشام كۆردۈڭمۇ، ساختىلار بىلەن راستچىللار سۈركىلىشىپ تاسلا قالدى ئوت ئالغىلى، مەن سۆز بىلەن ھەر ئىككى تەرەپكە سۇ سەپمىگەن بولسام، جەزمەن چاتاق چىقاتتى. بۇ چاتاقتا بىرىنچى بولۇپ مۇشت ئاتىدىغان سەن بولاتتىڭ، مۇشت ئاتقانلىقىڭ ئۈچۈن بۈگۈن سولاقتا ياتاتتىڭ. بىلەمسەن، سېنى بالايى-قازادىن مەن ساقلاپ قالدىم.

كۆپچىلىك قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

4

ھوشيارنىڭ ھېچ ئىشى ئوڭدىن كەلمىدى. ئەكەلگەن پۇلى ئىككى قېتىملىق سىنئالغۇ مۇسادىرىسى بىلەن تامامەن تۈگىدى. نىمجان يىگىتتىن قالغان بەش مىڭ سومنى بولسا ئۇ شۇ پېتى ساقلاپ قويىدى. نىمجان يىگىت سەكراتتا ياتقاندا ھوشيارنىڭ قولىنى چىڭ مۇجۇپ ئانىسىنىڭ ئىسمىنى قايتا-قايتا يادلىغان ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىغان. ھەببەنىڭ دېيىشىچە: نىمجان يىگىتنىڭ قۇرۇق ئۇستىخانلا بولۇپ قالغان ئانىسى ۋە پارالىچ سىڭلىسى بارمىش. دادىسىدىن قالغان ئاخىرقى دۇنيا-تۆت سەر ئالتۇننى پۇل قىلىپ بۇ يىگىتنى ئانىسى يولغا سالغانىمىش. لېكىن كەلگەن يىللىرى خېلى ياخشى ئوقەت قىلغان بولسىمۇ، خىروئىننى بىرلا قېتىم چېكىپ قويۇپ، شۇنىڭ بىلەن بۇ يامان يولغا كىرىپ قالغان يىگىت ئاخىرى شوخ يىگىتتىن نىمجانغا، نىمجاندىن قۇرۇق تېرە بىلەن ئۇستىخانغا، ئەڭ ئاخىرىدا قايتىدىن زەھەرلىك چېكىملىككە خام ئەشيا بولالايدىغان مۇردىغا ئايلانغان. بۇ يىگىتنىڭ ئاخىرقى كېپى چۈشىنىشلىك: مۇشۇ پۇلنى ئانامغا بەرگىن دېمەكچى. پۇل تۈگۈلگەن تۈگۈنچىنىڭ ئىچىدە ئانىسىنىڭ خېتى ۋە سۈرىتى بار ئىكەن. ھوشيار بۇ ئىچىنىشلىق ئامانەتكە قانداقمۇ خىيانەت قىلالىسۇن.

ئۇ تاغىسىنىڭ ئايالى بەرگەن بەش مىڭ سوم پۇلىنىڭمۇ يېرىمىنى تۈگەتتى. ئۇ بىر قانچە قېتىم ئوقەت قىلدى: مەسىلەن، رەخت سودىسى قىلدى، چا سارجىنىڭ مېتىرىنى گۇاڭجۇغا ئەكىلىپلا قولىدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ ئۈچ سومدىن پايدا ئېلىپ خېلى پۇللۇق بولۇپمۇ قالدى. لېكىن ئاخىرقى بىر ماشىنا مالىنىڭ جەرىمانىسى بىلەن پايدىسىمۇ، دەسمىيىمۇ بىراقلا تۈگىدى. ئاندىن كېيىن خەينەن ئۆلكىسىدىن تاۋۇز ئەكىلىپ پۈتۈن ۋە تىلىپ سېتىپ ئاز-تولا پايدا ئېلىۋىدى، بىر يولسىز بازار باشقۇرغۇچىنى ئۇرۇپ قويۇپ، ئون نەچچە كۈن سولاقتا يېتىپ جەرىمانە تۆلەپ، ئۇ پايدىسىنىمۇ تۈگەتتى: ئۇ ھازىر يەنە ئىشسىز. تاغىسىنىڭ ھېسابچىسى ئۇنى ئاشخانىدا قاچا يۇيۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئايدا 300 سوم بېرىشنى ئېيتىۋىدى، چىرايلىق يىگىتنىڭ غورۇرى بۇ ئىشقا يول قويمىدى. ئۇ تاغىسى بىلەن كۆرۈشۈشكە قانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، تېخىچە كۆرۈشەلمىدى. تاغىسىنى بىر نەچچە قېتىم كۆردى، بېرىپ گەپ قىلىشقا ئىمكان تاپالمىدى. سەۋەبى، پازىل ھاجىم يالغۇز ئەمەس، ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئۆزىدەك لاۋبەنلەر ئورىۋېلىشقان ئىدى. ھوشيار ئىچەرمەن-چېكەرمەنلەردىنمۇ، موللا-تەقۋادارلاردىنمۇ، ئوغرى-بۇلاڭچىلاردىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ يېقىنلاشمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يېڭى دوست-ئاغىنىمۇ تاپالمىدى. ھال-مۇڭ ئېيتىشقىدەك ئادىمىمۇ يوق، كۆپ ۋاقتىنى خىيال ۋە مىسكىنلىك بىلەن ئۆتكۈزۈپ كەلدى. ھەببە ئىسىملىك چېكەرمەن قىز ھېلىدىن-ھېلىغا ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرىدۇ، ھوشيار ئۇنىڭغا قاپاق ئاچمايدۇ. خىروئىن ئاغرىقى تۇتقاندا ئۇ قىز ھوشيار تۇرماق ئۆزىنىمۇ تىللايدۇ، يىغلايدۇ، زارلايدۇ. بىر سوملۇق ئوكۇلنى

تىتىرەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بىلىكىگە ئۆرۈۋالغانىدىن كېيىنلا كۆككۈرۈپ كەتكەن قاپاقلىرى سەل - پەل ئېچىلدى - دە:

— ھەي ھوشيار، مۇھەببىتىڭدىن خەت كەلدىمۇ؟ — دەپ قويدى.

ئۇنىڭ كۈنلىرى مۇشۇنداق زېرىكىشلىك مەنىسىز ۋە ئازابلىق ئۆتمەكتە.

ئىنسان تۇغۇلۇپ ئۆمرىنى قانداق ئۆتكۈزۈشى كېرەك، نېمىلەرنى تېپىپ، نېمىلەرنى بېرىشى كېرەك؟ ھوشيار بۇ نەرسىلەرنىمۇ كۆپ ئويلىغان، لېكىن ياخشى جاۋاب تاپالمىغان. «مېنىڭ بالام چوڭ بولسا، چوقۇم كاتتا يازغۇچى بولىدۇ،— دەپ ماختانغان ئۇنىڭ دادىسى بالىسىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4 - يىللىقىدا يازغان تاپشۇرۇق ماقالىلىرىنى كۆرۈپ، — قاراڭلارا مۇنۇ گەپلىرىنىڭ قالتىسلىقىنى!» ھوشيار تولۇقسىز ئوتتۇرىغا چىققاندا شەھەرلىك ئۆسمۈرلەر پۇتبول كوماندىسىغا قاتناشتى. بۇ چاغدا دادىسى ئوغلىنىڭ توپنى چاققانلىق بىلەن ئېلىپ ماڭغىنىدىن خۇرسەن بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ: «بېرى، ئويغۇردىن چىققان پۇتبول ماھىرى!» دەپ ۋارقىرىغان. كېيىنچە ھوشيار رادىئو ياساشقا ئىشتىياق باغلاپ، كۆپ ۋاقتىنى رادىئو چۇۋۇش - ياساشقا سەرپ قىلغانىدىمۇ دادىسى يەنە ماختىنىپ: «دۇنيادىكى تۇنجى ئايروپىلاننى ياغاچچىلار ئىجاد قىلغان، كىم بىلىدۇ، ھوشيارمۇ ئېلېكتر دولقۇنلىرى ساھەسىدە بىر كەشپىيات يارىتامدۇ، تېخى» دەپ بالىسىنى رىغبەتلەندۈرگەن...

لېكىن ھوشيار ھېچنېمە بولالمىدى. ئۇ، پۇلغا ئىشتىياق باغلىمىغان بولسا، بەلكى بىرەر ساھەدە يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقار ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ قوشنىسى ھەم دوستى دولقۇن تولۇقسىز ئوتتۇرىنى تۈگىتىپلا مەكتەپتىن قاچتى - دە، ئاۋۋال ئالمىچىلىق كېيىن رەختچىلىك قىلدى. ھازىر ئۇنىڭ ئاجايىپ چوڭ دۇكىنى بار. دۇكىنىدا نەچچە مىڭ سوملۇق چەتئەل كىيىملىرى، ئالتۇن بۇيۇملىرى بار. دولقۇن قىزىل موتسىكلىت بىلەن دۇكىنىغا بېرىپ كېلىدۇ. بەزىدە ئۇ ھوشيارنىمۇ مىنگەشتۈرۈۋالىدۇ - دە، ئەڭ زامانىۋى رېستورانلارغا باشلاپ ئېكىرىپ 100 سوملۇق پۇللارنى قەغەز پارچىسىدەك ئۈستەلگە تاشلايدۇ . . . ھوشيار دوستىنىڭ پاراغىتىدىن ئوقۇماستىنىمۇ ياخشى كۈن كۆرگىلى بولىدىكەنغۇ، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگىتىپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەندە كۆچەنمەيلا ئالىي مەكتەپكە ئۆتتى. قىزىقمايلا ئالىي مەكتەپكە كىرەلمىدى. لېكىن ئوقۇشقا ئۇ زادىلا قىزىقمىدى. رېستوران، تانسىخانا، كۆڭۈللۈك ياشلىق ھەۋەسلىرى ئۇنى ئوقۇشنى تاشلاشقا، دولقۇندەك يېنىك، كۆڭۈللۈك ياشاشقا چاقىردى. ئۇ ئاخىر كۆڭۈل چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ئوقۇش بىلەن تاپىدىغان شان - شەرەپتىن قول ئۈزدى: «ئوقۇيدىكەنمەن، بەش يىلدا مەكتەپ پۈتتۈرىدىكەنمەن، 10 - 15 يىل تىرىشىپ ئىشلەپ نەتىجە قازانسامىمۇ يەنە دولقۇنچىلىك تۇرمۇشقا ئىگە بولالىشىم ناتايىن ئىكەن، — دېدى ئۇ ئاخىر دادىسىغا، — مەن ئوقۇمايمەن!...»

ئۇ دېگىنىنى قىلدى. لېكىن بۇنىڭ بەدىلىگە نېمىگە ئېرىشەلىدى؟ بىرىنچى قەدىمىدىلا خاتا باستى. مانا ئۇ ھازىر قەپەزدىكى قېرى ئاق سا، ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ قارىمايدۇ...

پۇشايمان، ئازاب، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغىسىغا بولغان غەزىپى ئۇنى يېڭى زەنجىرلەنگەن ئېيىقتەك ئەركىنى بوغقان زەنجىرنى پاچاقلاپ، ئەركىن نەپەسلىنىدىغان كەڭرى زېمىنغا چىقىش ۋەسۋەسىگە سالدى. ئۇ ياتاقتىن چىقتى - دە، ئۆزىگە قاراپ كۈلۈپ تۇرغان بىر چىرايلىق قىزنىڭ كەينىدىن ماڭدى. قىز ئۇنى گۈلگۈجۈدىكى ئەڭ ياخشى باغچىغا باشلاپ كىردى...

ئەتىسى ئۇ قولىدىكى سائىتىمۇ، يانچۇ-قىدىكى ئاخىرقى پۇلىمۇ يوقالغىنىنى بىلدى. ئۇ ئاخشام كوچىدا — بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە ھاراق ئىچكىنىنى، كىم بىلەندۇ بىر تار، دىمىق ئۆيدە بىللە ياتقىنىنى ئەسلىدى. ئۇ، مانا ھازىر كوچى-دا ئۇ قورسىقى ئاچ، پۇت - قولىدا ماغ-دۇرى يوق ھالدا مەقسەتسىزلا كوچا ئايلان-دى. ئۇ قەيەردە، نېمىگە كېتىۋاتىدۇ؟ بۇ نەرسىلەرنى ئۇ بىلمەيتتى، بىلىشنىمۇ خا-لىمايتتى. ئۇ ھېرىپ، ماغدۇرسىزلىنىپ، تاماقلىرى قۇرۇپ ھالىدىن كەتكىچە ماڭدى.

ئاخىر مىغىلداپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ئارى-سىغا كىردى. بىرسى ئۇنىڭغا ئۇيغۇر تىلىدا:

— پويىز بېلىتى لازىممۇ؟ — دېدى.

ئۇ ئۇيغۇرچە سۆزلەۋاتقان خەنزۇ يىگىت-كە ئويلانمايلا راست گەپنى قىلدى:

— بېلىتىڭنى نېمىگە بېرەمسەن، ئۆيۈمگە بېرىۋالسام بىرگە ئون قىلىپ پۇلۇڭنى ئەۋەتىپ بېرەمەن! — دېدى.

ھېلىقى يىگىت قاقاقلاپ كۈلدى:

— ئۇنداق قىلغىچە قان سات، 300 گرام ساتساڭ بېلەتمۇ كېلىدۇ، يولدا خەجلىگىدەك پۇلمۇ بولىدۇ! — دېدى.

ھۇشيارنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلىدى. ئۇ مۇشتۇمىنى تۈگۈپ بولغىچە ھېلىقى يىگىت كۆزدىن غايىب بولدى. ھۇشيار يەنە مىغ-مىغ ئادەملەر ئىچىدە قالدى...

ئۇ ئەندى كۆرگەنلا ئادەمدىن: «سەنيۇەن-لى نەدە؟» دەپ سورايدىغان ھالغا چۈشتى. «ئېگىز بىنا، پاكىزە كوچىلاردا رەھىمسىز ئادەملەر ياشايدىكەن، كىمدىنلا سورىسام ‹بىلمەيمەن› دەيدۇ. سەنيۇەنلىنى تاپسام ئاچلىقتىن ئۆلمەيتتىم. ئۇ يەردە نان بار، ئۇ يەردىكىلەر ناننى نېمىگە بېرىدۇ...» دەپ ئويلىدى ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

ئۇ قاراڭغۇ چۈشكەندە رەڭگارەڭ چىراغ-لار يېنىپ تۇرغان بىر كاتتا بىنانىڭ ئال-دىدا ئولتۇردى. بىنانىڭ ئالدىدا خىلمۇ خىل ماشىنىلار توختىغان، ئاجايىپ ياسان-غان ئادەملەر ئۈزۈلمەي كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى. ئادەملەر خۇشال، ئاياللارنى قۇچاقلىۋالغان، ئاياللار ئەرلەرنىڭ بەللى-رىدىن تۇتۇپ چىرمىشىپ ئالغان. خىلمۇ خىل كىيىم، گىرىم - بوياقلار بىلەن بېزەل-گەن ئاياللارنى كۆرۈپ، ھۇشيار بىردىنلا تۈنۈگۈن ئۆزىنى باشلاپ كەتكەن قىزنى ئەسلىدى: ئۇ تولىمۇ قىسقا يوپكا كىيگەن، مەيدىسى ئوچۇق، قارا قۇمچاق، ۋىجىككىنە قىز ئىدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن بىر خىل يېقىملىق پۇراق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ باشقا گەپ قىلمايلا ھۇشيارغا ئېسىلىپ: «نېمانچە چىرايلىقسەن» دېگەن سۆزنىلا تەكرارلىغان ئىدى. مۇنۇ ئاياللارمۇ شۇنداق شېرىن سۆزگە ئۇستىمىدۇ - ھە؟ ئۇلارمۇ چىرايلىق سۆزنى بىلىپ، مۇھەببەت، مېھرى - شەپقەتنى بىلمەيدىغاندۇ؟ دۇنيادىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسىلا شۇنداقمىدۇ — ھە؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇ دۇنيا تولىمۇ پاسكىنا ئىكەن — دە.

ئۇ خىيال، ئۆزىچە سۆزلەش، سوئال قو-يۇش بىلەن سېمونت سۇپىدا ئۇزاق ئول-تۇردى. ئۇنى ئۇيقۇ باستى، لېكىن قور-ساق ئاچلىقى ئۇنى بىئارام قىلماقتا. ئۇنىڭ كۆزىگە كىچىك دۇكانلاردىكى مېۋىلەر، بولكىلار دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل، تەڭگىلى بولمايدىغان قىممەتلىك بۇيۇملار بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى، لېكىن تۇرالمىدى. ئۇنىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى قايدى.

ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا ئالدىدا پەرىزاتتەك بىر ئايال تۇراتتى. ئاجايىپ ياسانغان، ئاجايىپ كىيىنگەن بۇ گۈزەل ئايالنى ھۇشيار نەدىدۇر كۆرگەندەك. ئايال ئۇنىڭغا مۇلايىم، يېقىملىق ئاۋازدا سۆزلىدى:

— ھۇشيارجان بۇ يەردىكەنسىز - دە؟ مەن

سىزنى ئىزدەشكە تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئەۋەتتىم، ئاخىر ئۆزۈم تاپتىم.

بۇ ئايال تاغىسىنىڭ ئايالى ئىدى.

— كىچىك ئاپا، ھەدە ...، — ھوشيار تىنەپ قالغان بالا ئاتا - ئانىسىنى تاپقاندەك خۇشال بولۇپ يىغلىدى.

— ئاپىڭىزدىن تاغىڭىزغا نەچچە پارچە تېلېگرامما كەپتۇ. تاغىڭىز تېلېگراممىلارغا قاراپمۇ قويماپتۇ. مەن تۈنۈگۈن كۆردۈم. سىزنى دەرھال يولغا سالاي دەپ ئادەم ئەۋەتسەم سىزنى مەستبولۇپ بىر كوچا قىزى بىلەن كەتتى دېيىشتى... مانا ئاخىر تاپتىم. جۈرۈڭ، ئاۋۋال مۇنۇ «داجيۇدەن» دە تاماق يەڭ.

ئۇ ھاياتىدا مۇنداق ئېسىل، مېزىداق زوق بىلەن تاماق يەپ باقمىغان ئىدى. تاغىسىنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا مىڭ نەچچە ۈز سوملۇق ئەڭ يېڭى مودىلىق كاستيۇم - ۇلكا، بىر نەچچە قۇر ئېسىل كۆڭلەك، چ يۈز نەچچە سوملۇق شىبلىت، «مېيخۇا» اركىلىق ئېسىل سائەت ئېلىپ بەردى ۋە ئۇنى بىر كېچىلىكى بىر يۈز سەكسەن سوملۇق ئېسىل مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ:

— يۇيۇنۇپ ئوبدان ئۇخلاڭ، ئەتىگەنلىككە كېلىمەن، ئايروپىلان بېلىتى تەييار، بىللە شىنجاڭغا قاچىمىز — دېدى.

«قاچىمىز» نىڭ مەنىسىنى ھوشيار ئەتىسى چۈشەندى. پازىل ھاجىم ئىسلامخاندىن قىساس ئېلىشقا قەتئىي بەل باغلاپتۇ - دە، ئۇنى ئازابلاش ئۈچۈن ئىسلامخاننىڭ شۇ يەردە ئوقۇۋاتقان سىڭلىسىنى نۇرغۇن پۇل خەجلەش، ھىيلە ئىشلىتىش ھېسابىغا بىر مېھمانخانىدا بىر كېچە قوندۇرۇپتۇ. ئەتىگەنلىكى شۇ ئۆيدىن ئىسلامخانغا تېلېفون بېرىپتۇ. ئىسلامخان كەلسە، قىز قىپيالىڭاچ، خۇدىنى بىلمەيدىغان مەست ھالدا ياتقىدەك. ئىسلامخان بۇ ۋەھشىيلىكنى پازىل ھاجىمدىن كۆرۈپتۇ، لېكىن پاكىت يوق بولغاچقا، قىساسخوردىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن، بۇ ئىشنى پازىل ھاجىمنىڭ ئايالىغا ئەينەن دەپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭسىزمۇ ھاجىمدىن غىق تويغان ئايال ئاخىر ھاجى بىلەن ئادا - جۇدا بولۇپ ئىسلامخاندەك پۇل ۋەسۋەسىدىن قۇتۇلۇپ ئىنسانىي تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى تېتىش قارارىغا كەپتۇ.

ئەتىگەنلىكى پازىل ھاجىمنىڭ ئايالى بىر چامادان پۇل بىلەن ھوشيارنى ئېلىپ ئايرودرومغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ چاغدا پازىل ھاجىم بىر چوڭ سودا ئىشى بىلەن شىنجاڭغا كەتكەن، خېنىمىنىڭ ئادەملىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خېنىمىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشقان ئىدى.

— ھەدە، بۇنچە پۇلنى ئېلىپ ماڭساق، ئۇ سوتقا ئەرز قىلمامدۇ؟

— قىلسۇن، ئۇ ماڭا دائىم قانۇن يوق دەيتتى. قانۇننى ئۆزى بىر ئىزدىسۇن، ئاندىن كېيىن بىز ئۇنىڭغا قانۇننىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويىمىزا — دېدى پازىل ھاجىمنىڭ ئايالى ئايروپىلان يەردىن تامامەن كۆتۈرۈلۈپ گۇاڭجۇ بىر پارچە سۈرەتتەك كىچىكلەپ تۆۋەندە قالغاندىن كېيىن...

5

— بۇ دۇنيادا ئىنسانغا كېلىدىغان زەربە تۈمەنمىڭ، جەمئىيەتتىن، تەبىئەتتىن، ئىلاھىيەتتىن - غايىبتىن، قىسقىسى، بوران، مۆلدۈردىن تارتىپ چىۋىن - كومۇتىغىچە بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانغا زەربە بېرىدۇ. ئەمما زەربىنىڭ ئەڭ يامىنى ئىككى نەرسىدىن كېلىدۇ: بىرسى، خوتۇندىن، بىرسى، پۇلدىن. بۇ ئىككى زەربىگە پاناھ يوق، ھىمايىچى يوق، باشقىلىرىغا پاناھ بار.

يەر تەۋرىسە ھاجەتخانا قوغدىغىدەك، قازاقنىڭ كىگىز ئۆيىمۇ پاناھ بولغىدەك. ئىسسىقنىڭ جاجىسى يەلپۈگۈچ، سوغۇقنىڭ ئوت، چىۋىننىڭ دورا، پاشىنىڭ شاپىلاق!... لېكىن ئىزە مۇھەببەتتىن كەلگەن زەربىگە پاناھ يوق، يوقسۇزچىلىقىمىز شۇنداق پاناھسىز. قارىدىماسىلەر، بىچارە پازىل ھاجىمنىڭ بىر ھەپتىدىلا قاشلىرىمۇ ئاقىرىپ، ئالتۇن چىشلىرى قارىداپ، توغرىسىغىمۇ، ئۇزۇنسىغىمۇ قورۇق بېسىپ قىرىق بەش، ياشتىن بىرلا سەكرەپ يەتمىشكە چىقىپتۇ. ئەندىكىسى كەتمىش بولمىسا بولاتتىغۇ!...

ئوقىتى راۋاج تېپىپ، چىرايى تېخىمۇ پارقىراپ، كۈندىن - كۈنگە ياشىرىپ كېتىۋاتقان ئىلھام كاسكىنىڭ كېپى تېخىمۇ كۆپىيىپ، تېخىمۇ يۇمۇرلۇق تۈس ئېلىپ بارماقتا. بۇ يەردىكىلەر ھازىر ئۇنى كاسكا دېمەيدۇ. چۈنكى ئۇمۇ ھازىر ئۇن تۈمەندىن كۆپرەك پۇلنىڭ خوجايىنى - دەا

- ئۇ كۈنىلا زىياپەتتە «ياشىسۇن» دەپ تۇۋلىغان ئادىمىڭنى ئەندى مازاق قىلغىنىڭ نېمىسى ھەي كاسكا؟ - تەلئەت باي دوستىنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ سورىدى ۋە، - ئېيتقىنا، مېنى قاچان مازاق قىلىدىغان بولارسەن، ئىلھام؟

- بۇگۈن يىقىلساڭ، ئەتىسىلا مازاق قىلىمەن. بىلەمسەن، مەن روناق تاپقانلار، ئابروي تاپقانلار، پايدا بېرىدىغانلار بىلەن دوستمەن. كىم يىقىلسا، ئۇنىڭ بېشىغا بېرىپ كۈلىمەن، زادى يۆلىمەيمەن، يۆلىسەڭ ئۇ سېنىمۇ يىقىتىدۇ - دەا

- يېقىن ئارىدا پازىل ھاجىنى كۆردۈڭمۇ؟

- بۈرناكۈن شەھەرگە كىرىۋېدىم، - دېدى ئىلھام تېخىمۇ يارىشىملىق بولۇپ قالغان بۇرۇتىنى سىلاپ، - كوچىدىمۇ، ئاشخانىدىمۇ، ياتاق - ياتاقلاردىمۇ پېزىر گەپ. پازىل ھاجىم ئالجىپ قاپتىدەك، ھې- سابىقىسىنى ئۇرۇپ - چېيلەپ، خىزمەتچىلىرىنىڭ يېرىمىنى ئىشتىن ھەيدەپ، گۇاڭدۇڭلۇقلارنى ئىشقا ئېلىۋاتقىدەك. دۇم يېتىۋېلىپ ئىككى سوتكا يىغلاپ، تۇرۇۋېلىپ ئىككى سوتكا ھاراق ئىچىپ، مەست بولۇۋېلىپ ئىككى سوتكا ئادەم تىللاپتۇدەك. ئالتە سوتكا ئۇخلىمىغان ئادەم ساراڭ بولماي نېمە بولاتتى؟

ئۇنىڭ ئوبرازلىق، يۇمۇرلۇق گېپىنى ئاڭلاپ، بۇ يېزىدا ئۆقەت قىلىۋاتقان سىنتالغۇ سودىگەرلىرى ھوزۇرلىنىپ كۈلۈشتى.

بۇ يېزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان كىچىك بازاردا تۇرۇۋاتقان ئىسلامخان گۇرۇپپىسىدىكىلەر بۇنىڭ تەتۈرىسىچە ۋەھىمە، ئەندىشە ئىچىدە قېلىشقان:

- ئىسلامخاندىن قىساس ئالمىسام پازىل ئەمەسمەن! - دېگىدەك پازىل ساختا، - دېدى بىر يىگىت ئۆگىسلى ئۆچكەن ھالدا مۆمىن ئەپەندىنىڭ يېنىغا كىرىپ، - ئىسلامخان ھەدەم كەتسە بولمىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

- ئىسلامخان نېمە قىپتۇ؟ - دېدى مۆمىن ئەپەندىمۇ ئەندىشە بىلەن، - ئۇنىڭ قىلمىشىنى پاش قىلىشمۇ گۇناھمىكەن؟

- بۇ يەر شىنجاڭغا ئوخشىمايدۇ، ئەپەندىم، - دېدى يەنە بىر كىچىك يىگىت ئالاق-جالاق بولۇپ، - بۇ يەردە بىرسى - بىرسىنى ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ ساقچىلارنىڭ چاتىقى يوق!

- ئۇنداق ئەمەستۇ بالام، - دېدى مۆمىن ئەپەندى كۈلۈپ قويۇپ، - سىلەر چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىۋېرىپ بۇ يەردىكى ھۆكۈمەت، ساقچىلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپسىلەر. مەن تۈنۈگۈن خىروئىن ساتقۇچىلارنى جازالاشنىڭ كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى ئىنكاس قىلىپ بەييۇن پەيچۇسوسىغا بېرىۋېدىم، ئۇلار مېنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدىغۇ، نېمىشقا قانۇن بولمىسۇن؟ قانۇنى ئورۇنلارغا ئەرز - شىكايەت بارسا، ئەلۋەتتە ھەر قانداق ئىش سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

— بېشىڭىزغا كەلمىدى - دە؟ ئەپەندىم بۇ يەر باشقىچە!

مۆمىن ئەپەندى ئارتۇق گەپ قىلمىدى. ئۇ مانا بىر ئايدىن بېرى ھاياتكەشلىكىنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى بالىلار بىللە بولدى. ئۇ ئەسلى بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ تەپسىلىي ماتېرىيالغا ئىگە بولۇپلا كەتمەكچى ئىدى. لېكىن بالىلارغا بولغان مۇھەببەت ئۇنى ئۇزاق تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ، بۇ يەردە كۈندىن - كۈنگە خېيىم - خەتەر پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىۋاتقان بالىلارنى نەسىھەت ۋە مېھرى - شەپقەت كۈچى بىلەن ياخشى يولغا باشلىيەن، ئۇلارنى قايتۇرۇپ ئەكىتىپ ئاتا - ئانىلىرىغا تاپشۇرىمەن دەپ ئويلىغان ئىدى. لېكىن بۇ خىيالىنىڭ ئۈنۈمى ئاز بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ زەھەرلىك چېكىملىككە بېرىلگەن ياشلار بىلەن ئۇچرىشىپ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، بۇ بالىلارنى قۇتقۇزۇش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. ئەلۋەتتە، بۇنچە جىق، مۇشكۇل ئىشنى ئۇ بىر ئادەم قىلالمايتتى. ئۇ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا خەت يازدى، ئەھۋالنى ئىنكاس قىلدى. لېكىن، ئۇ ھازىرغىچە بىر ئەمەلىي قوللاشقا ئېرىشەلمىدى. ئىسلامخاننىڭ پائالىيەتچانلىقى، تەلئەت باينىڭ باشلامچىلىقى بىلەن 16 تۈمەن ئىئانە توپلاندى. لېكىن مۆمىن ئەپەندىنىڭ بۇ پۇلنى ئېلىپ قايتىپ كېتىپ، مەكتەپنىڭ ئىشىنى قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ ئاۋۇ كاردىن چىققان ياشلارنى زادىلا تاشلاپ كەتكىسى كەلمىدى. ئۇ كۆپرەك خىزمەت ئىشلەپ مۇشۇ يەردىكى پۇللۇق بايلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ ياشلارنى قۇتقۇزۇش، ھېچ بولمىسا بىرەر دوختۇرخانا بىلەن پاكى ئامانلىق ساقلاش ئورنى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، بىرەر ئۈنۈملۈك چارە تېپىشنىڭ ئويىدا بولدى. لېكىن ھازىرغىچە بۇنداق چارە تېخى يوق. ياشلار زەھەرلەنمەكتە، ئۆلمەكتە، خارلانماقتا. بۇ بالىلارنىڭ ئاتا - ئانا، يار - بۇرادەرلىرى قانچىلىك سەرساندۇ؟ دېگەننى ئويلىسىلا ئۇنىڭ گېلىدىن غىزا ئۆتمەيتتى، ئۇيقۇسى قاچاتتى. ئۇ، مۇشۇ غەم بىلەن كۈندىن - كۈنگە جۇدەپ - قېرىپ، ئوساللاشماقتا. ئىسلامخان — بۇ چىرايلىق چوكان باشقىلارنىڭ باردى - كەلدى گەپلىرىگە پىسەنت قىلماي ئەپەندىمنى كۈتمەكتە. ئۇ، بىر قىسىم كىشىلەرگە: «نىكاھىغا ئۆتتۈم!» دېسە، يەنە بىرىلىرىگە: «مېنىڭ يېقىن تۇغقىنىم» دەپ قوياتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەر - خوتۇنمۇ ئەمەس، ئاتا - بالىمۇ ئەمەس، خىزمەتداشلىقمۇ ئەمەس، بىر خىل غەلىتە مۇناسىۋەت ئىدى. دېمەك كېچىلەردە ئەپەندىمنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ، ئۆي بىلەن تالا ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق ماڭاتتى. ئىسلامخان ئويغىنىپ:

— تاتىنىۋاتامسىز، كېلىڭ، — دەپ ياپيالىڭاچ چاقچاق قىلاتتى.

— ئەل ھايا — مىنەل ئىيمان! — دەيتتى ئەپەندىم ئويغانغان ئەرلىك نەپسىگە چەك قويۇش ئۈچۈن، دەرھال بىر كۆزى كۆرمەيدىغان ئايالنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، — موماي چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ، قىزىم.

— چوكان ئالدىدا تۇرسا نەلەردىكى مومىينى ئەسلەپ يۈرگىنىنى ۋۇي كېرەكسىز قېرى، — دەپ كۈلۈپ قوياتتى ئىسلامخان دەرھال تامغا يۈزىنى قىلىۋېلىپ، — ئۇنداق بولسا ئۇخلاڭ!

لېكىن بۈگۈن مۆمىن ئەپەندىنىڭ بىردىنلا ئىسلامخانغا بولغان مۇئامىلىسى ئۆزگەردى:

ئۇ، ئىسلامخاننىڭ بىرىنچى قېتىم قولىنى تۇتتى. ئىسلامخاننىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى:

— بۈگۈن ئىككىمىز راست گەپ قىلىشايلى، زادىلا يالغان قوشۇلمىسۇن، قانداق دەيسەن ئىسلامخان؟ — ئۇ، «قىزىم» ئاتالغۇسىنى ئىشلەتمىدى.

— شۇنداق بولسۇن، قېنى سىز سوراڭ ئەمىسە.

— ماقۇل، مەن سوراي. ئاۋۋال پېشانەڭگە، ياق لېۋىڭگە ئەمەس، مانا مۇشۇ يەرگە سۆيۈپ قوياي.

ئىسلامخان ئۇنىڭغا دېگەن يېرىنى تۇتۇپ بەردى ۋە ئۆزىمۇ مۆمىن ئەپەندىنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى:

— قېنى، سوراڭ ئەمىسە.

— ماقۇل، مەن سوراي، — دېدى مۆمىن ئەپەندى ھودۇقۇپ تۇرۇپ، — ئېيتقىنا، قانچە قېتىم نىكاھلاندىڭ؟

— ئالتە قېتىم.

— نىكاھسىزمۇ ئەركەكلەر بىلەن بولدۇڭمۇ؟

— بىر قېتىم، مەست بولۇپ قېلىپ...

— ھىم ... نېمىشقا پازىل ھاجىنىڭ تەلەپىنى قاندۇرمىغىنىڭ چۈشىنىشلىك بولدى!

— ئەر خەقنىڭ قايسى تەرىپىدىن سەسكەندىڭ؟

— ۋاپاسىزلىقىدىن.

— سىلەردە يوقمۇ بۇ ۋاپاسىزلىق؟

— ئەرلەرگە قارىغاندا ئاز، تولىمۇ ئاز.

— راست، بۇ بىر ھەقىقەت، ئاياللار كەچۈرىدۇ، ئەرلەر قىساس ئالىدۇ. سەن مېنىڭ نېمەمگە قىزىقىپ قالدىڭ؟

— كۆڭلىڭىزگە، مەن ئويلىغاننى قىلماقچى بولدىڭىز.

— سېنىڭ مۇنۇ باللارغا ئىچىڭ ئاغرىيدىكەن — دە؟

— بەك ئاغرىيدۇ، لېكىن ئۇلار چۈشەنمەيدۇ، مەنمۇ چۈشەندۇرۇپ بېرەلمەيمەن!

— باللارنى سۆيۈش — ئىنسانىيەتنى سۆيۈش. ھازىر ئىنسانىيەتمۇ مۇشۇ باللاردەك. دۇنيادا ھازىر ئىككى خىل ياخشىلار بار. ئۇلارنىڭ بىرلىرى، ئىنسانىيەتنى سۆيگۈچىلەر، بۇلار ئىنتايىن ئاز. يەنە بىرلىرى، ئۆزىنى سۆيگۈچىلەر، بۇلار كۆپ، تولىمۇ كۆپ. يەنىمۇ بىر خىل ھېسابىنىڭ تېشىدا ياشايدىغانلارمۇ بار، ئۇلار ھېچكىمنى ھەتتا ئۆزىنىمۇ سۆيمەيدۇ، بۇلارنىڭمۇ سانى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيمەكتە.

بۇ يەرنىڭ يامغۇرى ئالاھىدىلىككە ئىگە. يەر شارىنىڭ ئىسسىق بەلبېغىغا يېقىن جايلىرىغا ئورتاق بولغان بۇ يامغۇر شۇنداق ۋەھىمىلىك: ئېكۋاتورغا يېقىن جايلارنىڭ ئادەملىرى بۇ شار-شار يامغۇرغا ھەر قانچە كۆنۈككەن بولسىمۇ ئۇنىڭغا بولغان نەپرىتىنى بوشاشتۇرغىنى يوق.

تىنچ ئوكيان تەۋەسىدىكى بىزنىڭ دېڭىزلىرىمىز بۇ خىل يامغۇرنى بورانلىق دولقۇنلىرى بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. شار-شار يامغۇرنى تولا كۆرگەن جەنۇب دېھقانلىرى بۇ كېچە ياغقان يامغۇرنىمۇ پەرۋاسىز كۈتۈۋالدى. خۇددى ئاسماندىن بىرسى چېلەك بىلەن سۇ قۇيۇۋاتقاندەك ياكى بىر ئىلاھىي كۈچ دولقۇنلۇق دەريالارنى بۇ يېزىنىڭ ئاسمىنىغا قىناپ قويغاندەك شۇنداق بىر دەھشەتلىك يامغۇر ياغدى. بۇ يامغۇر مۆمىن ئەپەندىنىڭ ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان شېرىن تۇيغۇلارنى بىراقلا يوق قىلدى: ئۇ يامغۇر ۋەھىمىسىدىن ئىسلامخاننى قۇچاقلاپ بېقىشتىنمۇ، ھايات ھەققىدە شېرىن گەپلەرنى قىلىشتىنمۇ بىراقلا يالتايدى. شار-شار يامغۇر ئۇنىڭغا شۇنداق بىر ۋەھىمە ئېلىپ كەلدى —

ئۇ ئۆز-ئۆزىدىن يەر شارىنىڭ جەنۇبىدا ئىنسان ھايات قالغانمىدۇ دەپ سوراشقا مەجبۇر بولدى.

تالادا چىراغلار ياندى، دەھشەتلىك يامغۇر ئىچىدە بىر كىچىك ماشىنا پەيدا بولدى.

دېرىزىدىن ماشىنا ۋە ئۇنىڭدىن چۈشكەن يامغۇرلۇق چاپان كىيگەن ئىككى ئادەم كۆرۈندى.

ئىشىك ئۇرۇلدى، ئىسلامخان ئىشىكنى ئاچتى، ناتونۇش ئىككى ئادەم ئۆيگە كىرىپ كەلدى:

— مۆمىن ئەپەندىم سىز بولامسىز؟

— ھەئە، مەن بولىمەن.

— سىزنى بىزنىڭ خوجايىن چايغا تەكلىپ قىلىۋېدى، سىزنى ئالغىلى كەلدۇق.

— خوجايىنىڭىز كىم؟

— بارغاندا بىلىسىز، سىزگە ئىئانە تەقدىم قىلىدىغان بايلاردىن.

— ئىسمى كىم؟ - دېدى ئىسلامخان بۇ كۆرۈپ باقمىغان ئادەملەردىن گۇمانلىنىپ، — خوجايىنىڭلار ئۆزى نېمىشقا كەلمىدى؟

— بىز ساڭا جاۋاب بەرگىلى كەلمىدۇق، — دېدى ئۇلاردىن بىرسى ئىسلامخانغا ئالىيىپ قاراپ، — مېڭىڭ ئەپەندىم، ياكى بىز ماڭدۇرىمىزمۇ؟

— سىلەر نېمە قىلماقچى؟

ئىسلامخان شۇنىڭلا سورىيالىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر كالتەك تەگدى. مۆمىن ئەپەندىنى بايىقىلار سۆرەپ ئەپچىقىپ ماشىنىغا يۆكلەپ تىقتى-دە:

— باشقىلارنى قۇتۇلدۇرارمىش تېخى، يامان بولساڭ، ئۆزۈڭنى قۇتۇلدۇرۇپ كۆرگىنە قېنى!

يامغۇر دەھشەت بىلەن شارقىراپ ياغماقتا، خۇددى يەر يۈزىدىكى ھەممىلا نەرسىنى تۈزلىۋېتىدىغاندەك كوچىلاردا يامغۇر سۈيى كۆۋكىرەپ ئاقماقتا. جەنۇبىي جۇڭگو ئاسمىنى نېمىگە شۇنچە غەزەپلەنىدىكى، نېمىگە شۇنچە قەھرى بىلەن ئىنسانلارغا ھۇجۇم قىلىدىكىنتاڭ؟...

* * *

— ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى شۇنچە كۆپ، ئۇنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. دەھشەتلىك بوران-چاپقۇندىن تارتىپ چۈمۈلە-كۇمۇتىغىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى. ئىنساننىڭ دۈشمىنى كۆپ بولغاچقا، ئىنسان ئەقىللىق، كۈرەشچان. مۆمىن ئەپەندىنىڭ ئىز-دېرەكسىز يوقالغىنىغا مانا بىر ئاي بولدى. ئۇنى يەر يۇتتىمۇ؟ قۇيۇن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتىمۇ؟ ياكى ئۇنى ئىنسانلار ئۆزلىرى يوقاتتىمۇ؟ بۇنىسىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ناۋادا مۇمكىن بولغان بولسا، بۈگۈنگىچە ئىسلامخان ئۇنىڭ دېرىكىنى ئالغان بولاتتى!

— ئۇنىڭ دېرىكى يوقمۇ؟

— يوق. ئۇ خەتەرلىك ئادەم ئوخشايدۇ. نېمىشقا دەمسىز؟ بىلمەمسىز؟ باشقىلارنى قۇتقۇزىمەن دېگەچكە، ئەيسا پەيغەمبەر كرېستقا مىخلانغان، ئەپلاتون، مەنسۇر ئەللاجىلار دارغا ئېسىلغان!

— توغرا ئېيتىسەن، بۇ دۇنيادا پەقەت ئىلھام كاسكىدەك ئادەملەرلا ھوزۇر قىلالايدۇ. نېمىشقا دەمسىز؟ ئۇ قەيەردە نېمە دېيىش زۆرۈرلۈكىنى ياخشى بىلىدۇ، ئۇ كاسكا ئەمەس، ناتىق، شۇڭا ئۇنىڭ ساقىسى دائىم ئالچۇ!

1991- يىل 31- ئىيون، ئۈرۈمچى

# ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى






ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

## مۇقەددىمە

ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ ئۇلۇغ گۇمانىست مۇتەپەككۇرى، چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك نامايەندىسى، جاھان سەنئەت ۋە مەدەنىيەت تارىخىدىكى گېنىئال تارىخىي گىگانت ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ (1441 ـ 1501) مۇبارەك تەۋەللۇتىگە بۇ يىل 550 يىل تولىدۇ. بۇ تەۋەللۇت خاتىرىسى ھازىرقى كۈندە پۈتكۈل تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى قېرىنداش خەلقلەر مەدەنىيەت مۇنبىرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز ـ ئۆزىنى قايتا ئىختىرا قىلىۋاتقان، جاھان مەدەنىيەت تارىخى مەنزىرىلىرىدىن خەۋەردار بارلىق مەرىپەتلىك



ئەللەر ۋە خەلقلەرنىڭ شۆھرەت لەۋھەلىرى بىلەن مەدەنىيەت پاۋلىئونلىرىدا قايتا ئۆركەشلىگەن ئالىي ئېھتىرام ۋە يۈكسەك ئىپتىخار بىلەن تەنتەنىلىك نىشانلانماقتا. بۇ، ئوشبۇ مۆتىۋەر زاتنىڭ تارىخىي تۆھپىلىرىگە قايتىدىن تېرەن نەزەر ئاغدۇرۇش تۈپەيلى مۇجەسسەملەشكەن ئېھتىراس بىلەنلا خاراكتېرلەنمەستىن، يەنە بۇ شۆھرەتلىك سىما ئىلگىرى سۈرگەن گۇمانىستىك سەۋىلىزاتسىيە غايىلىرىنىڭ تارىخىي ھاياتىي كۈچىنى تەنتەنە قىلىش بىلەنمۇ جىلۋىلەندۈرۈلگەن.

«ئەلىشىر نەۋائىي يىلى» دەپ شۆھرەتلەنگەن بۇ يىلقى پۈتكۈل نەۋائىي تېماتىكىسىنى چۆرىدىگەن ئىلمىي پائالىيەتلەر، سەنئەت فېستىۋال - كۆرەكلىرى، 20 توملۇق نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ تولۇق نۇسخىدا نەشر قىلىنىشى، نەۋائىي پورترېتىنىڭ مەۋجۇد مۇزوققۇۋۇ نۇسخىسى راۋاجى ئاساسىدا ئەبۇلھەق ئابدۇللايوۋ تەرىپىدىن قايتا ئىشلىنىشى - بىزنىڭ مۇئەززەم بۇۋىمىز، بەدىئىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ كۆپ ئەسىرلىك بىتەققاس مۇلكۇل كالامى، تىل - ئەدەبىياتىمىزنىڭ جاھانكۇشاي سەردارى ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئىپتىخارلىق ئورنى توغرىسىدا قايتا ئويلىنىشىمىزنى تەقەززا قىلماقتا. بۇ، نەۋائىي ھەققىدىكى بىر قاتار مۇئەممالارغا يېقىنلىشىشنى چەتكە قاقمايدۇ، ئەلۋەتتە. تارىخ ھەمىشە، ئۆزىنى بىلمەسلىك ۋە مۇنداق بىلمەسلىكنىمۇ بىلمەسلىكتىن ئارتۇقراق نادانلىقنىڭ يوقلۇقىدىن ئىنسان ئەقلىنى خەۋەرلەندۈرۈپ كەلمەكتە.

## ئەلىشىر نەۋائىي ھاياتىغا ئائىت مەنبەلەر

ئەلىشىر نەۋائىي زامان مۇساپىسىدا بىزدىن قانچە يىراقلاشقانسېرى، نەۋائىينىڭ ھايات پائالىيىتىگە بىر قەدەر يېقىن دەۋرلەردە روياپقا چىققان تارىخىي ياكى بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ شاھىدلىق قىممىتى شۇنچە ئېشىپ بارىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي ھاياتىغا ئائىت ئاساسلىق مەنبەلەر ئىككى تۈركۈم بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، شائىرنىڭ بىتەھقىق ئۆز ئەسىرى ۋە بۇ يەردە ئىشلىتىلگەن روشەن ياكى ماجازى ئۇچۇرلاردىن ئىبارەت بولسا، ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، تاكى ھۈسەيىن بايقارادىن باشلاپ چاغاتاي ئەدەبىياتى ئاخىرلاشقىچە يېزىلغان نوپۇزلۇق قولىيازمىلارنىڭ ئەسلى دۇردانىلىرىدىن مەھرۇم بولمىغان نۇسخىلىرىدىكى ئالاقىدار ئۇچۇرلاردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەر:

ھۈسەيىن بايقارا نەۋائىي ۋاپاتىغا بېغىشلىغان «رىسالە» ناملىق ئەسەر؛

زاھىرىدىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ «بابۇرنامە» ناملىق تارىخىي ئەسلىمە ئەسىرى؛

مىرزا ھەيدەر بىننىي مۇھەممەد ھۈسەيىن 1540 ـ 1551-يىللىرى يازغان كۆپ قىرلىق تارىخىي ئەسەر «تارىخىي رەشىدى»؛

مىرخاندىنىڭ ئومۇم تارىخ كىتابى «رەۋزەتۇسسەفا» (راھەتلىك باغ) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى خاندەمىر يازغان «ھەبىبۇسسىيەر» (ئۇلپەتلەر تەرجىمىھاللىرى)، «مەكارىمۇل ئەخلاق» (پەيزى ئەخلاق) قاتارلىق ئەسەرلەر؛

دۆلەتشاھ سەمەرقەندى يازغان ئەدەبىيات تەركىرىسى «تەزكىرەتۇششۇئارا» (شائىرلار تەزكىرىسى) ناملىق كىتاب؛

زەينىددىن ۋاسىفى يازغان «بەدايىئۇل ۋەقايى» (گۈزەل ۋەقەلەر) ناملىق ئەسەر ۋەباشقىلار.

يۇقىرىدا نامى زىكىر قىلىنغان ئەسەرلەر نەۋائىي توغرىسىدا ھەر خىل ساھە ۋە ئۇقۇملار بويىچە مەلۇمات بېرىدۇ، گەرچە تولۇق ۋە قانائەتلىنەرلىك بولمىسىمۇ مۇندىن بەش ئەسىر ئىلگىرى ياشىغان نەۋائىي توغرىسىدا بىر قاتار مۇجەسسەم چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشقا قىممەتلىك تۆھپە قوشىدۇ. يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلەردىن تاشقىرى، ئەلىشىر نەۋائىي ھايات چېغىدىن باشلاپ ئاسىيا - ياۋروپا - ئافرىقىدا تارقىلىشقا باشلىغان نەۋائىي ئەسەرلىرى بىلەن شىنجاڭدا ساقلانغان ۋە كۆچۈرۈلگەن نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ باشقا نوپۇزلۇق نۇسخىلىرى، چەت ئەل مۇزېيلىرىدا ساقلانغان باشقا مەنبەلەر ئۈستىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقات نەزەرىدىن ساقىت قىلىنماسلىقى كېرەك. بۇ مەنبەلەر خۇددى ئىختىرا قىيامى يېتىپ كەلمىگەن كۆمۈلمىلەردەك مۇبارەك پۇرسەتنى كۈتمەكتە.

شۇنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىش ھاجەتكى، نەۋائىيشۇناسلىق ساھەسىدە قىلىنغان قۇتلاشقا تېگىشلىك خىزمەتلەر يالغۇز يىرىك مەنبەلەر ئۈستىدىكى مەتنشۇناسلىق بىلەن چەكلەنمەسلىكى، يىرىك مەنبە تەتقىقاتى روشەن نۇقتىئىنەزەر ئاستىدىكى مۇلاھىزىلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇشى لازىم. بۇ، گۇمانىستىك روھتىكى ھەقىقىي تارىخىي تەتقىقاتنىڭ ئاشكارىلىق پرىنسىپىدىن ئىبارەت. بۇ بىزدىن ھازىرقى جۇغراپىيىلىك، ئېتنولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك پاكىتلارنى ئەينى زامان ئالاھىدىلىكلىرى ئورنىغا دەسسىتىدىغان مېتافىزىك، قاتمال ۋە سوپىستىكىلىق ئىللەتتىن، مۇقىم تىرىمىن بويىچە ئېيتقاندا «جۇغراپىيىلىك» سىياسەتچىلىك قارىشىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تارىخ تېخى ياش، ھەتتا پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخى تېخى گۇمانىستىك روھتىكى ئالەمشۇمۇل تەپەككۇر مىزانى بىلەن قايتا مۇھاكىمە قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا. بىز، بىرەر ئۇلۇغزاتنى شۆھرەت ۋارىسلىقى دەبدەبىلىرى تۈپەيلى ھەمدۇسانا دېڭىزىغا غەرق قىلىشقا ئىنتىلىشنى ئىنسانىيەتنىڭ تاكامۇل سىۋىلىزاتسىيە يولىدىكى ئارقىدا تاشلىنىپ قالىدىغان بىر مەنزىل دەپ، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىشىمىز لازىم. تارىختىكى ئۇلۇغ ئەزىمەتلەرنىڭ ئەبەدىيەتلىك ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى مەركىزىي ئورۇنغا قويۇش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ نىسبىي مەنىدىكى بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرىگە - ئۇلارنىڭ «كائىنات روھى» شەكلىدە ئەمەس، بەلكى كونكرېت تارىخىي شەخس سۈپىتىدىكى مىللىي نەسەبى، ماكان چەمبىرىكى، زامان چەمبىرىكى، تەسىر تېرەنلىك چەمبىرىكى، ئەنئەنىۋى رىشتىسى قاتارلىقلارغا يېتەرلىك ئىزاھات بېرىپ ئۆتۈشىمىز لازىم. بۇ، ئومۇمىيلىق ۋە ئالاھىدىلىكنىڭ بىرلىكى، ئومۇمىيلىقنىڭ ئالاھىدىلىك ئارقىلىق روياپقا چىقىش پرىنسىپىدۇر. بۇ جەھەتتە، ئىلغار جۇڭگو تارىخچىلىرىنىڭ سۈي، تاڭ، ۋە يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە پائالىيەت ئېلىپ بارغان، ھەتتا خەنزۇ يېزىقى، خەنزۇ تەخەللۇسى ئىشلەتكەن تەڭرىتاغ، ماۋرائۇننەھرلىك مەشھۇر پەن ۋە سەنئەت ئەربابلىرىنى تارىخىي چىنلىق بويىچە ئىزاھلاش ئەنئەنىسى ياخشى بىر ئۈلگە.

## ئەلىشىر نەۋائىي نەسەب مۇئەمماسى

مەلۇمكى، مۇئەمما - سىفىنكس تېپىشماقلىرى سىياقى غەيرىي روشەن تېمىدىن ئىبارەت. ئەلىشىر نەۋائىينى گەرچە ئورخۇن - ئىدىقۇت - قاراخانىيلار مەدەنىيىتىدىن ئايرىپ ئېلىپ قارىغىلى بولمىسىمۇ، گەرچە ئۇنى مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ،

ئەھمەد يەسسەۋي ۋە سەددىدىن قەشقەرىدىن ئايرىپ تاشلاپ مۇھاكىمە قىلغىلى بولمىسىمۇ، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ نەسەب مەسىلىسى چېلىمۇ مۇئەمما قىياپەتتە تۇرماقتا. بۇنىڭغا سەۋەب بولغان ھادىسىلەر مۇنداق:

بىرىنچىدىن، ماۋرائۇننەھردە غەربىي تۈرك خانلىقى زامانىدىكى كۆچمەنچى تۈركىي خەلقلەردىن كېيىنكى تۈنجى ئولتۇراقلاشقان ھەم ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان قاراخانىيلار خاندانلىقى ئۆزىنىڭ توققۇز ئوغۇز - ئۇيغۇر يېڭى ئىتتىپاقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر - ياغما (قارلۇق) قاتارلىق خەلقلەر ھاكىمىيىتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەينى زاماندا يۈز بېرىۋاتقان يېڭى ئېتنىك سىڭگىرىتىنىڭ (قوشۇلۇش) جەريانىنى نەزەردە تۇتۇپ «تۈرك»، «تۈركىي»، «خاقانىيە»، «ئىد دۆلىتى ئەپرا سىياب» ئىبارىلىرىدىن باشقا ياكى ئۇيغۇر - ئارغۇ، ياكى ياغما - قارلۇق، ياكى چىگىل - توخسى قەبىلىلىرىنىڭ قەدىمكى ناملىرىنى يوقىرىقى توپلۇك ئىبارە ئورنىغا ئىشلەتكەن ئەمەس. ئەمما، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، ئەھمەد يۈكنەكى قاتارلىقلار ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىل «قەشقەر تىلى» - «خاقانىيە (دۆلەت) تىلى» - «ئۇيغۇر تىلى» ئىكەنلىكىنى ئىزچىل تەكىتلىگەن. ئەلىشىر نەۋائىيمۇ مەۋلانە لۇتپى بىلەن مەۋلانە سەككاكى تىلى ھەققىدە توختالغاندا، ئەدەبىي تىل جەھەتتىكى بىردەكلىك ۋە تەگداشلىق مەنىسىدە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى: «ئۇيغۇر ئىبارىتىنىڭ خۇسە ھاسىدىن ۋە تۈرك ئەلفازىنىڭ بولاغەسىدىن» مەيدانغا كەلگەن نەمۇنە دەپ تىلغا ئالغان ئىدى. قارىماققا، ئەينى زاماندىن باشلاپ «دىۋان» تىلى، «بىلىك» تىلى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن تۈركىي ئەدەبىي تىل خاقانىيە دۆلەت تىلىنىڭ دەل ئۆزى بولغاچقا، بۇ «ئۇيۇشۇش» فازىسىدا، «ئۇيغۇر» ۋە ئەينى زامان تارىخىي مەنىسىدىكى «تۈرك» ئىبارىلىرىنىڭ بىردەكلىكى ھېچقانداق مۇئەمما بولماي قالغان. مەھمۇد قەشقەرى، ئەلىشىر نەۋائىي قاتارلىق ئۇلۇغزاتلىرىمىزنى ئۇلار بولغۇسى «پارچىلىنىش»، «قايتا شەكىللىنىش» جەريانىنى ئالدىنئالا كۆرەلمىگەنلىكى تۈپەيلى ئەيىبلىيەلمەيمىز.

ئىككىنچىدىن، دەرھەقىقەت، «ئۇيۇشۇش» جەريانى چىڭگىزخان ئىستىلاسى ۋە چاغاتاي خانلىقى روياپقا چىقىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىزىدىن چىقتى، مۇرەككەپلەشتى. گەرچە چىڭگىزخان ماۋرائۇننەھرگە موڭغۇل قوشۇنلىرىدىن كۆپرەك ئىدىقۇت ۋە كۈچلۈكخان قول ئاستىدىكى ئۇيغۇر گۋاردىيىسىنى تاشلىغان بولسىمۇ، گەرچە قاراخانىيلار ئەۋلادى تۈركان خاتۇننىڭ كۈچلۈك تەسىرى، چىڭگىزخاننىڭ خارەزمنى بويسۇندۇرۇش جەڭلىرى، تۆمۈرلەڭنىڭ ئالتۇن ئوردىنى ھالاك قىلىش يۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە خارەزمدە «ئۇيغۇرىزم ھادىسى» كۈچەيگەن بولسىمۇ، بىر پۈتۈن چاغاتاي دەۋرى بۇ «ئۇيۇشۇش» جەريانىغا سالماقلىق تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. موڭغۇل ئاھالىلىرىنىڭ تۈركلىشىشى ۋە ئىسلامىيەتكە ئۆتۈشى چاغاتاي زامانىسىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك ئاقىۋىتى بولۇپ تاماملاندى. بىر پۈتۈن «چاغاتاي ئۇلۇسى» نىڭ پارچىلىنىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭى مىللىي سىڭگىرىتىنىك تەركىبلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئېتنونىملاردا يېڭى ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى.

ئۈچىنچىدىن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 2 — 3 چارىكىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ

مىڭ يىللاردىن ئىلگىرىدىن ساقلىنىپ كەلگەن، بۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىستېمال قىلىنىدىغان ئېتنونىمنى (مىللەتنىڭ ئاتىلىشى) تېپىۋالدى. «ئۆزبېك» ئىبارىسى خارەزم، بۇخارا، سەمەرقەنت، تاشكەنت، پەرغانە تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئېتنونىمى بولۇپ كۈچەپ تەشۋىق قىلىندى ۋە مۇقىملىشىپ قالدى.

مانا بۇ، ئەلىشىر نەۋائىي نەسەب مۇئەممىاسىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسىي ئۈچ سەۋەب. گەرچە، كامىدا پەسىيىپ، ئاھىدا قوزغىلىپ تۇرسىمۇ، بۇ مۇئەممانى ئىلمىي ئىزاھلىنىشى لازىم.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ نەسەب تەۋەلىكى توغرىسىدىكى ھەر خىل ھۆكۈملەر ئاساسەن مۇنداق: «نەۋائىي ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى، شائىرى»، «نەۋائىي ئۆزبېك مۇتەپەككۇرى، شائىرى ۋە جامائەت ئەربابى»، «نەۋائىي چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلۇغۋار شائىرى»، «نەۋائىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ بەدىئىي سۆز ئۇستىسى» ۋەھاكازالاردىن ئىبارەت. مېنىڭچە، ئوخشىمىغان قاتلام بويىچە بۇ ھۆكۈملەر خاتا ئەمەس، ئەلۋەتتە. مەسىلىنىڭ تۈگۈنى، كونكرېت تارىخىي شەخس سۈپىتىدە نەۋائىي تەۋەللۇتىنىڭ ئېتنىك بۆشۈكى قايسى خەلق ياكى مىللەت دېگەن مەسىلىدە.

ئەلىشىر مىللىيەتلىكىنىڭ تۈگۈنى — ھېچ بولمىغاندا ئىلگىرىكى ماۋرا ئۇننەھىر غەربىي تۈرك قەۋملىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن قاراخانىيلاردىن تاكى دەشتى قىپچاقتىن يۆتكىلىپ كەلگەن شايبانىيلارنىڭ بۇ تېررىتورىيىنى ئىگىلىگىنىگە قەدەر بولغان بەش ئەسىردىن ئارتۇق زامان ئىچىدە بۇ جايلاردا ياشىغان مۇسۇلمان تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزىنى ئىستېپلا قىلغان كۆچمەنچى خەلقلەرنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانى نامى بويىچە تامغىلانغان «ئۆزبېك» نامىنى ئېتنونىم قىلىپ ئۆزلەشتۈرگەنلىكى ۋە بۇ جەھەتتە دەشتى قىپچاق ئارىستوكراتى «ئۆزبېك خان» نامىنى تارىخىي مەنتىقىغە ناباب ئاتەشتىن مۇھاكىمىلەر بىلەن زىننەتلەپ قويغانلىقىدادۇر. مۇنداق ناباب ئاتەشتىن مۇھاكىمىلەرگە بارتولدنىڭ، پۈتكۈل تۈمۈرىيلەر ھاكىمىيىتى — قاراخانىيلاردىن كېيىن قايتا باش كۆتەرگەن ئىككىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا — خۇراسان مۇسۇلمان تۈركىي خەلقلەر ھاكىمىيىتى ئاياغلىشىپ، مۇھەممەد شايبانىخاندىن باشلانغان يېڭى مىللىي — ئېتنىك قايتا شەكىللىنىش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن پۈتۈنلەي يېڭى مەنىدىكى ئېتنىك گەۋدە — «ئۆزبېك» خەلقىدىن ئىلگىرىكى، بۇ «ئۆزبېك» خەلقىنىڭ نام ئۆزگەرتىشىدىن بۇرۇنقى ماۋرا ئۇننەھىر تۈركىي تۈركۈمىنى «كونا (ئېسكى) ئۆزبېك» دەپ ئاتىشى ۋە ھېچقايسى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىدە ئىككىنچى مىسالى بولمىغان بۇ غەيرىي ئىلمىي ئىبارىنىڭ ئاكادېمىك بارتولد نوپۇزى بىلەن كۆپلەپ ئىستېمال قىلىنىشى تېخىمۇ ئېغىر ئىدىئولوگىيىلىك قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ قويدى.

تارىخ ۋە مەنتىقە روشەنكى، «كونا ئۆزبېك» ئىبارىسى — ماۋرا ئۇننەھىرگە باستۇرۇپ كىرگەن ۋە ئۆز نامىنى يەرلىك تۈركىي ئاھالىغا سىڭدۈرۈپ، ئۆزى يەرلىك ئاھالىغا سىڭىپ كەتكەن، يەرلىك ئاھالىدىن سان جەھەتتە تولىمۇ كەم، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە

كەسكىن تۈۋەن تۇرغۇچى دەشتى قىپچاق موغۇل ئۆزبېكلىرىگە خاس ئىبارىدۇر. بۇ خۇددى «گوت» ئىبارىسى رىمنى بېسىۋالغان كۆچمەنچى قەبىلىلەرگە تەئەللۇق بولۇپ، قەدىمكى مەدەنىيەتلىك رىم خەلقىغە مەنسۇپ بولمىغانلىقىدەك ھەقىقەتتۇر. ھازىرقى ئاچچىق ھەقىقەت-خۇددى شائىر ۋاھىد زاھىدوۋنىڭ شۇ ناملىق شېئىرىدەك ئاچچىق ھەقىقەت - ماۋرائۇننەھردىكى «رىم» لىقلارنىڭ دەشتى قىپچاق «گوت» لىرىنىڭ نامىنى ئېتنونىم قىلغانلىقىدۇر!

مېنىڭچە، بىر تەرەپتىن، يەرلىك تۈركىي - خاقانىيە ۋە تۆمۈر دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن خەلقلەرمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ خەلقلەرنى ھەربىي كۈچ بىلەن بويسۇندۇرۇپ ۋە ئۇلارغا ئۆزلىشىپ كەتكەن (باشقا خەلقلەرگە ئۆزلەشكەنلىرىمۇ كۆپ) دەشتى قىپچاق كۆچمەنچى قەبىلىلىرىمۇ ئەسلىدىكى تەبىئىي ناملىرىدىن بىرلا ۋاقىتتا مەھرۇم بولۇپ قالماس-لىقى لازىم.

بىز «بابۇرنامە»دىن تۆمۈرىيلەر ئاھالىسىنىڭ شايبانىلار ئۆزبېكلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان قانلىق ئىللىتى كۆرەشلىرى تەسۋىرىنى كۆرىمىز. ئۇ مۇنداق يازغان: «يۈز قىرىق يىلدىن بېرى سەمەرقەنت پايتەختى بىزنىڭ خانە ۋادىمىز ئىدى. يات ياغى ئۆزبېك كېلىپ تەسەررۇپ قىلدى» ①.

بىز ھازىرقى ئۆزبېكىستان ئالىمى، پروفېسسور مەمە جان راخمانوۋنىڭ «ئۆزبېك تىياتىرى» ناملىق كىتابىدىنمۇ بۇ تارىخىي ھەقىقەتنى كۆرىمىز: «شەيبىر ئۆزبېكلىرى تەرىپىدىن ماۋرائۇننەھر ۋە خۇراساننىڭ ئىستېلا قىلىنىشى بۇ ئۆلكىنى كاتتا زەربىگە ئۇچراتتى. كۆچمەنچى ئۆزبېكلەر ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنىڭ قەدرىگە يەتمىدى» ②.

كارل ماركسمۇ دۇنيا تارىخىي بىلىملىرى ئاساسىدا مۇنداق يازغان ئىدى: «ئۆزبېكلەر (1305 - يىلىلا باش كۆتەرگەن) قىپچاق خانلىقىدىكى تۈركلەر بولۇپ، خان ئىسمى «ئۆزبېك»، 1305 - يىلى تۇغۇلغان» ③.

بىز ئەلىشىر نەۋائىي زامانىدا ئۇنى (جۈملىدىن زاھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر بىلەن ھۈسەيىن بايقارامۇ) ھېچكىم، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ «ئۆزبېك» ياكى «كونا ئۆزبېك» دەپ ئاتىمىغانلىقىغا بىتەھقىق ئىمانىمىز كامىل ۋە ئىشەنچىمىز بەرقارادۇر.

## ئەلىشىر نەۋائىي پائالىيىتىنىڭ ماكان چەمبىرىكى ۋە ئۇنىڭ ئېتنىك ئالاھىدىلىكلىرى

ئەلىشىر نەۋائىي زامان جەھەتتىن شايبانىلارنىڭ مۇداخىلىسى بىلەن ماۋرائۇننەھردە ماكانلاشقان «كونا ئۆزبېك» - دەشتى قىپچاق كۆچمەنچى قەبىلىلىرى جەمەتىدىن دۇنيا كەلمىگەن. ئۇ، مۇھەممەد شايبانىخاننىڭ 1507 - ھىراتنى ئىستېلا قىلىشىدىن خېلىلا ئىلگىرى-1501 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ يەنە ھازىرقى زامان ئۆزبېك مىللىتى بولۇپ شەكىللەنگەن تۈركىي قەۋمدە ئالەمگە كېلىشكىمۇ مۇيەسسەر بولغان ئەمەس.

ئەلىشىر نەۋائىي ماكان جەھەتتە، تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پەسلىدىكى خۇراساننىڭ مەركىزىي شەھىرى ھىراتتا دۇنياغا كەلگەن، ئۆزىنىڭ 60 يىللىق ھاياتىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ھىراتتا ئۆتكەزگەن، ئاخىرى ھىراتتا دەپنە قىلىنغان. ئۇ يىگىرمە يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە تەفت، مەشھەد، سەمەرقەنت، ئاستىرابات، سەبزاۋار، بەلخ، يەزد

قاتارلىق جايلاردا بولدى. بۇنىڭ ئون يىلغا يېقىن مەزگىلى سۇلتان مالىك قەشقەرى
ۋالىيلىقىدىكى سەمەرقەنتتە ئۆتتى. بۇ ئۇنىڭ ماۋرا ئۇننەھىردە ئۆتكەن ئون يىلى بولۇپ
قالغان ئىدى.

ھىرات ئۆزىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك مەدەنىيەت تارىخىدا يىپەك يولىدىكى خەلقئارا تۈگۈنى تولىمۇ قويۇق ئوچۇق شەھەر بولۇپ كەلگەن. شەرق ـ غەرب مەدەنىيەتلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان بۇ پاۋىلىئون قۇرۇقلۇقتىكى «ئالېكساندىرىيە پورتى» سۈپىتىدە مىڭ يىللاپ قەد كۆتۈرۈپ كەلگەن. ئۇ ئۈچ قىتئە ئاغزىدىكى «ئالېكساندىرىيە پورتى» سىياقىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگو، ھىندىستان ۋە غەربىي ئاسىيا (ئالدى بىلەن ئىران) مەدەنىيەتلىرى ئۇچرىشىدىغان ئۈچبۇرجەك ئۈستىگە جايلاشقان ئىدى. ھىرات ئۆزىگە مەركەزلەشكەن ئۈچ يۆنىلىشتىن ئىلگىرىلەپ كەلگەن جاھانگىرشاي ئىمپېراتورلارنىڭ قىلىچۋازلىق جەڭگاھى سۈپىتىدە ئۆز تارىخىدا نەچچە قېتىم خارابىغا ئايلاندى. ھېكمەتلىك ئۈچبۇرجەككە جايلاشقان ھىرات شەھىرى مەيلى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، مەيلى ئەرەب قوشۇنلىرى، مەيلى چىڭگىزخاننىڭ ھالاكەتلىك يۈرۈشلىرىدىن كېيىنمۇ تېز ئارىدا باشقىچە تارىخىي قىياپەتتە، ئۆزىنىڭ كۆركەم جۇلاسى ۋە خۇش مېھمان كارۋان سارايلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرەتتى. ئەلشىر نەۋائىي، 1221 ـ يىلى چىڭگىزخان چەۋەندازلىرى پۈتۈن ئاھالىسىنى قىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئوگدايخان، تۆمۈرلەڭ ۋە شاھرۇھ مىرزا زامانىدا قايتا بىنا قىلىنغان يېڭى ھىراتتا ماكانلاشقان تۈركىي خانىدانىدا دۇنياغا كەلدى. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەلشىر نەۋائىي بىر مەزگىل «بىنائىي خەير»نى كەڭ يولغا قويۇپ، خۇددى «بابۇرنامە»دە ئېيتىلغاندەك، غايەت زور بىناكار سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان. بۇ، يېڭى ھىراتنىڭ بىر مەزگىل گرېكچە، بىر مەزگىل ئىرانچە جابدۇنغاندىن كېيىنكى تۈركىي سەرۇپا بىلەن ياساندۇرۇلۇشىنىڭ داۋامى ئىدى.

يېڭى بىنا قىلىنغان ھىرات ئۈچ يۆنىلىش بويىچە ئىرانىي، تۈركىي ۋە ھىندى خەلقلىرىنىڭ قورشاۋىدا تۇرسىمۇ، ئۇ، تۈركىي ھاكىمىيەت ۋە تۈركىي مەدەنىيەتنىڭ تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسى پامىردىن كىچىك ئاسىياغىچە ھەربىي ھاكىمىيەت تىكلىگەن مۇھىتىدا بىنا قىلىنغان خەلقئارالىق ئوچۇق شەھەر ئىدى. ھاپىز ئەبرۇ 1379 ـ يىلقى ھىراتتا تۈرك، ئىران، ئەرەب، جۇڭگو، ئالتاي، موغۇل سازەندىلىرى نەغمە قىلىدىغانلىقىنى يازسا، ئابدۇرازاق سەمەرقەندى 1412 ـ يىلى ھىراتتا جۇڭگو ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدىن ئۆتكۈزۈلگەن كاتتا سەيلە توغرىسىدا يازغان ئىدى. دەر ھەقىقەت، ئابباسىيلار دەۋرىدە باغداد، سامانىيلار دەۋرىدە بۇخارا، قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەر، تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە ھىرات بىلەن سەمەرقەنت مەدەنىيەت ئۆركىشى ئوچاقلىرى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان ئىدى.

چىڭگىزخان قىرغىنچىلىقىدا قىرىق كىشى قېچىپ قۇتۇلغانلىقى كەڭ ھېكايە قىلىنغان ھىراتنىڭ غەزنەۋىلەردىن كېيىنكى بۇ قېتىملىق تۈركىي ئاھالىلىرىنىڭ مەنبەسى خۇراسان ۋىلايەتلىرىدىن باشقا، موغۇلىستان (ئىلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى) ۋە ماۋرا ئۇننەھىر بولۇشىدا گۇمان بولمىسا كېرەك. ئەلشىر نەۋائىي كۆپ قېتىم ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ھىراتنى سۆيۈپ ماختىغان، ئۆزىنىڭ ھايات پائالىيىتىنىڭ ماكان چەمبىرىكى سۈپىتىدە «جۇڭگودىن خۇراسانغىچە» دەپ ئاتاپ كۆرسەتكەن. ئۇ، چىن شاھزادىسى

پەرھادنى باش قەھرىمان قىلغان «خەمسە نەۋائىي»نىڭ شاھ داستانى «پەرھاد ۋە شېرىن»دا مۇنداق مىسرالار قالدۇرۇپ كەتكەن:

«ئەگەر بىر قەۋم، گەر يۈز، يوقسە مىڭدۇر،
مۇئەييەن تۈرك ئۇلۇسى خۇد مېنىڭدۇر.
ئالىپەن تەختى پەرمانىمغا ئاسان،
چېرىك چېكمەي خىتادىن تا خۇراسان».

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ 1484- يىلى يازغان بۇ مىسرالىرى «ئۇرغۇنلىغان قەۋملەر ئارىسىدا تۈرك ئۇلۇسى مېنىڭ ئۇلۇسۇملىقى مۇئەييەن» دېگەن مەنىدە ياكى «شۇنچە ئۇرغۇن قەۋملەر ئىچىدە مەلۇم بىر تۈركىي ئۇلۇس مېنىڭ ئۇلۇسۇم» دېگەن مەنىدە، «مەن جۇڭگودىن خۇراسانغىچە بولغان تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىنى ئۆز پەرمانىمغا كىرگۈزدۈم» دېگەن مەنىدە چۈشىنىش مۇمكىن. ھۈسەيىن بايقارا نەۋائىي ۋاپاتىغا يازغان «رىسالە» ناملىق ئەسىرىدە كېيىنكى مەنا ئۈستىدە توختىلىپ: «ئەلىشىر نەۋائىي نەزم دۇنياسىنىڭ تۆتتىن بىرىدىكى قەھرىمان ئىدى. ئۇنى مۇشۇ (نەزم) مەملىكىتىنى قولغا كىرگۈزگەن ساھىبقىران دېيىش مۇمكىن» دەپ يازغان.

نەۋائىينىڭ بۇ داستانىدا نىزامىيغا «بەردە»، «گەنجە» يۇرتىنى، دېھلەۋىيگە «ھىندىستان» دىيارىنى، جامىيغا «ئەجەم» زېمىنلىرىنى تەققاسلاپ، ئۆزىگە روشەن ھالدا «خىتادىن تاخۇراسان» دېگەن يونىلىشنى قالدۇرغىنىنى قىزىقارلىق.

ئەلىشىر نەۋائىي گەرچە موغۇل - چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ بارلاس، ئارلات، نەيرگەس، قىيات، قوڭغىرات، سۇلدۇز قەبىلىلىرى تۈركلەشكەن ۋە سىر - يەتتە سۇ ۋادىسىدا بىر قاتار كۆچمەنچى قىپچاق تۈركۈمىدىكى تۈركىي قەبىلىلەر ياشىغان، دەشتى قىپچاق ئۆزبېكلىرى ماۋرا ئۇننەھرگە قاراپ سۈرۈلۈۋاتقان مۇھىتتا ياشىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى ئىزچىل يۇسۇندا تۈركىي خەلقنىڭ ئولتۇراقلاشقان، ئەدەبىي تىل ۋە يېزىق مەدەنىيىتى بىلەن كىلاسسىك سەنئەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان ئېتنىك گۇرۇھىغا تەۋە ھېسابلاپ كەلدى. ئۇنىڭ «چاغاتاي ئۇلۇسى»، «ئۆزبېك»، «تۈرك ئۇلۇسى»، «تېمۇربېك نەسلى» دېگەن ئىبارىلىرى پەرقلىق ۋە شەرتلىك مەنىدە قوللىنىلغان ئىدى.

ئەلىشىر نەۋائىي چىن ۋە خوتەن ئىبارىلىرىگە پاك مېھرى ۋە ئالىيجاناب ھۆرمىتى بىلەن مۇئامىلە قىلغان. خۇددى ئې. ئە. بېرتېلىس «نەۋائىي» ناملىق ئەسىرىدە ④ كۆرسەتكىنىدەك: نەۋائىي قەھرىمانلىرى بىۋاسىتە جۇڭگوغا باغلانغان. ئەگەر بىز ھاپىز شىرازىينىڭ ئۆز يۇرتىنى ئىستېلا قىلغان تۆمۈرلەڭ ئالدىدا ئوقۇغان بۇخارا، سەمەرقەنتنى شىراز قىزلىرىنىڭ بىر خالىغا بەخش قىلاتتىم، دېگەن مىراسىنى شەرتلىك نەزەردە تۇتساق، نەۋائىينىڭ خوتەن ھەققىدىكى قاتار نەزمىلىرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان مېھىرلىك ئۇنچىلەرنىڭ ۋەزنىنى قىياس قىلىمىز.

ھاپىز شىرازىي مۇنداق يازغان:

«ئەگەر كۆڭلۈمنى شاد ئەتسە ئۇ شۇ شىرازى جانانى،
قارا خالىگە بەخش ئەتكۈم سەمەر قەندۇ، بۇخارانى».

ئەلشىر نەۋائىي مۇنداق يازدى:

«ئەي خوتەن جەيرەنلىرى، نىتەي بۇ مەجنۇن كۆڭلىمە،
نەفىز ھايى يېتكۈرسەڭىز مۇشكى غەزاللەردىن گويا.»⑤

«دېمە يۈزكىم، خوتەن گۈلزارىدۇر بۇ،
دېمە خەت، نەفئى تاتارىدۇر بۇ.»⑥

«يۈزۈڭ بە يازدىۇ ئول خالى مۇشكىسا ھىندۇ،
غېرىب تۈشتى خوتەن كىشۋەرى ئارا ھىندۇ.»⑦

«شەجەر ياپراقلەرى ئوتتەك قەددىڭىنىڭ ھىجرىدە بار،
باشاقلار كىم چىمەن ئەشكى نەمىدىن بولدى زەنگارە.»⑧

«تۈركىي ئەنجۇمگە دېدىم ھۆسن ئىچرە سەن يا ئۇ فۇزۇن،
دېدىكىم بولغاي ئاڭا يۈز بەندە چىركەس مەن كەبىي.»⑨

بۇ مىسرالار ئەبەيدۇللا لۇتپىنىڭ ئوخشاش تېمىدىكى مىسرالىرى بىلەن تېمىدىكەن دىلكەش بولغان - ھە!

## ئەلشىر نەۋائىينىڭ ئائىلە نەسەبى

ئەلشىر نەۋائىينىڭ ئائىلە نەسەبى توغرىسىدا ئاتاغلىق تارىخشۇناس، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى، كېيىنچە كەشمىر پادىشاھى بولغان مىرزا ھەيدەر (15001 ـ 1551) ئەلشىر ناۋائىي بىلەن زاماندا ئالىملاردىن ئۆز ئاتىسىنىڭ ئۇستازى موللا مەھمۇد بىلەن ئۆزىنىڭ تەربىيىچى ئۇستازى، زامانىسىنىڭ تونۇلغان ئالىمى ھەزرىتى مۇھەممەدتىن بىۋاسىتە ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا «تارىخى رەشىدى»دە مۇنداق مۇھىم ئۇچۇر قالدۇرغان «ئەسلى بەيئەز بەخشىيانى ئۇيغۇر ئەست، پەدەرى ئورا كىچىككىنە بەخشى مېگۇفتەند، مەردى بۇد ئەلئەر رەسىم» (ئۇنىڭ ئەسلى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسىنى كىچىككىنە باخشى دەپ ئاتىشاتتى، ئادەتتىكى⑩ كىشىلەردىن ئىدى). «ئۇنىڭ تەخەللۇسى نەۋائىيدۇر. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن، ھېچكىم تۈركىي تىلدا ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋە ئۇنىڭدىن يۈكسەكرەك شېئىر يازالمىغان ... ئۇ فارسىدا «فانىي» تەخەللۇسىنى ئىشلەتتى.»⑪

ئېيتىش كېرەككى، مىرزا ھەيدەر ئەلشىر نەۋائىينىڭ بوۋىسى ئەبۇ سەئىد چاڭ بىلەن كۆكەلداش (ئېمىزگىنداش) بولغان ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئوغلى زاھىرىددىن مۇھەممەت بابۇر بىلەن بىر نەۋرە بولغان.

مېنىڭچە، نەۋائىينىڭ ئائىلە نەسەبى، ئۇنىڭ تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىكى مىللىي تەۋەلىكى مەسىلىسىگە بۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداقتۇر تارىخىي پاكىت ھاجەت، تىلەككە ئورۇن قالمىسا كېرەك.

ئەلشىر نەۋائىينىڭ بوۋىسى ئەبۇ سەئىد چاڭنىڭ زاھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ دادىسى بولغۇسى پەرغانە ۋىلايەتلىرى ھۆكۈمرانى ئۆمەر شەيخ بىلەن ئېمىزگىنداش بولغانلىقى، ئەلشىر نەۋائىي بىلەن بابۇر ئەسەرلىرىنىڭ تىلى تۈركىي تىلىنىڭ شەرقىي شېۋىسىدە يېزىلغانلىقى، ئۆمەر شەيخ بىلەن تۇرپانلىق يۇنۇس ۋە سۇلتان مەھمۇد، سۇلتان ئەھمەد خانلارنىڭ يېقىن مۇناسىۋىتى بىزگە ئەلشىر نەۋائىينىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئەنىدىجان

ئۇيغۇرلاردىن ئىكەنلىكىنى، ئەندىجاننى كۆرمىگەن ئەلشىر نەۋائىينىڭ ئەدەبىي تىلى (ئۇنىڭ تاغىلىرى مىر سەئىد كابۇلى، مۇھەممەد ئەلى («غەرىبى») ۋە نەۋائىينىڭ ئىنىسى دەرۋىش ئەلى قاتارلىق كىشىلەرمۇ شۇنداق) ئەندىجان شىۋىسىدىكى شەرقىي تۈركىي تىلنى ئاساس قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ نۇقتىدا، ئەلشىر نەۋائىي مەيلى نەسەب، مەيلى ئەدەبىي تىل جەھەتتىن بولسۇن قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى ئەۋلادىغا مەنسۇپ بولۇشى تولىمۇ ئېھتىمال!

ئەبۇ سەئىد چاڭدىكى «چاڭ» ئىبارىسى مەيلى ئەينى زامان سازەندىلىرىدىن قاسىم ئەلى قالۇنى، ئابدۇللا مەرۋەرىدى قالۇنى، ھەبىبۇللا چاڭى، مۇھاررەم چاڭى قاتارلىقلاردىكى «چاڭ» چالغۇسى مەنىسىدە، ياكى ئېگىز بوي مەنىسىدە بولسۇن، ھەر ھالدا جۇڭگو مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە ئالاقىدار ئىبارە ئىدى. ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن بۇ چالغۇنى «چاڭ» (خەنزۇچىدا يېقىنقى زاماندا ياڭچىن دەپ ئاتىدى) دېگەنلىكىنى ئىزاھلاش قىيىن.

غىياسىددىن كىچىك ھەزرەتلىرىنىڭ «باخشى»لىقى ھەم ئۇيغۇرلاردىكى باخشى ئاتالغۇسى خەنزۇ تىلىدىكى «فاشى» (法师) ئاتالمىسىدىن ئۆزگىرىپ كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. بىز ئىدىقۇت، كۇسەن، قەشقەر، خوتەنلەردە «ئالىم»، «ئۇستاز» مەنىسىدە باخشى ئىبارىسىنىڭ كەڭ قوللىنىلغانلىقىنى كۆرىمىز. دەرۋەقە، موڭغۇل ئىمپېراتورلىرىغا يېزىق ۋە مەدەنىيەت ئۆگەتكەن ئۇيغۇر ئالىملىرى باخشى دەپ ئاتىلىپلا قالماي، قاراخانىيلار دەۋرىدىن باشلاپ تۇنجى قېتىم ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا يېڭى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغان، ئېسىل قوليازمىلارنى كۆچۈرۈپ، تەرجىمە قىلغان ئالىملارمۇ باخشى دەپ ئاتىلاتتى. شاھرۇھ زامانىسىدا ھىراتتا 1439- يىلى ھەسەن قارا سەيىل شەمس تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تۈركىيىدىكى ئابدۇرازاق شەيخزادە باخشى دېگەن ئالىمغا ئەۋەتىلگەنلىكى ئەينى زاماندا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى دۇردانىلىرىغا جان - دىلى بىلەن قىزىققان ئالىم - باخشىلارنىڭ ئېلىمىزدىن تاكى ئوتتۇرا دېڭىز ساھىلىگىچە تېپىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

بىز يۇقىرىدىكى پاكىتلاردىن مۇنداق يەكۈن چىقىرىمىز:

بىرىنچىدىن، ئەلشىر نەۋائىي ئىرانىي («سارت»)، تۈركىي، موڭغۇل مىللىي تۈركۈملىرى ئىچىدە تۈركىي خەلقلەردىن؛ پارس ۋە تۈركىي ئەدەبىي تىل ۋە كىلاسسىك مەدەنىيەت قاتلىمى ئىچىدە تۈركىي قاتلامدىن كېلىپ چىققان.

ئىككىنچىدىن، ئۇ ئەسلى بوۋىسى ئەندىجانغا ماكانلاشقان، كېيىنچە ھىراتقا جايلاشقان ئۇيغۇر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئەلشىر نەۋائىينىڭ ئۆزىمۇ «ۋەقفىيە» ناملىق ئەسىرىدە ھەر قايسى تۈركلەشكەن چاغاتاي قەبىلىلىرىنىڭ سۈپەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ «تۆمۈردىي نەجاد شاھزادىلەر ۋە بارلاسىي نىھاد ئازادىلەر ۋە ئەرلاتىي شىمىلىي سەردىنشىنلەر ۋە تەرخانىي رەسىملىك ئەيشىگۇزىلەر ۋە قىيات نەسەبلىك مۇتەئەييىنلەر ۋە ئۇيغۇرى سۈپەت باخشىلەر ۋە ئۇيغۇر چەرگىلىك ياخشىلەر ۋە چۆللۈك بايابانىدا جانسىپارلىق قىلغان جاندارلار ۋە جەلايىر غەۋغاسى ۋە قەۋچىن ئەلالەسى مەۋجۇت ئەردى» ⑫ دەپ يازغان ئىدى. روشەنكى، ئۇيغۇر ئىبارىسىنى باخشى ئىبارىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تىلغا ئالغان.

ئۈچىنچىدىن، خۇددى مارىيە سۇبتېلنىي خانىم كۆرسەتكەندەك، بارتولد «تارىخى

رەشىدى»نىڭ مەۋجۇت ئالتە خىل نۇسخىسى ئىچىدە، تولۇقسىز نۇسخا ھېسابلانغان لوندون نۇسخىسىنى كۆرۈپلا مۇھاكىمە باشلاپ قويغان!

نەۋائىي بىر غەزىلىدە مۇنداق روشەن يازدى:

«نەۋائىي ئەتتى ئۆزىن ئۆيلە تۈرك ھىندۇسى،
كى ئەھلى چىنۇختىتا بولدىلەر ئاڭا ھىندۇ.»*

بۇ مىسرادا «نەۋائىي ئۆزىنى تۈرك ئەھلىنىڭ قۇلى قىلغانلىقى تۈپەيلى، ئەھلى چىن - ختاي ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ شەيداسى (قۇلى) بولدى» دەپ يازغان.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۇيغۇر باخشىسى غىياسىددىن كىچىكنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى بارلىق قاموس - لۇغەتلەردىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. 1968- يىلى ئىستانبۇلدا قايتا نەشر قىلىنغان ئەھمەت كاباكلىنىڭ «تۈرك ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابىنىڭ 2- جىلد 82 بېتىدە: «چاغاتاي دەۋرىدىكى پۈتۈن تۈركچىدە ئەڭ بۈيۈك شائىرلەردىن بولغان نەۋائىي ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن ھىراتتا دۇنياغا كەلدى. ئۇ كىچىككىنە باخشى ئاتالمىق بىر بەگنىڭ ئوغلى ئىدى» دەپ يېزىلغان. بۇ بىر مىسال، خالاس.

## ئەلىشىر نەۋائىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك ئۇچۇرى

ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى يالغۇز گۇمانىستىك روھ ۋە قاموسىي بىلىم خەزىنىسى، ئاجايىپ سۆز سەنئىتى پونتانزارلىقى بولۇپ قالماي، ئۇ يەنە نەۋائىي ئېتنىك شەجەرىسىنىڭ مۇھىم ئۇچۇر بۇلىقىدىن ئىبارەت. روشەنكى، تىل مىللەتنىڭ ھاياتى، تىنىقى ۋە تارىخىدۇر.

بەزى تەتقىقاتچىلار ئەلىشىر نەۋائىينى «چاغاتاي ئەدەبىياتى»نىڭ نامايەندىسى دەپ ئاتاشنى ئەڭ ئاقىلانە ھۆكۈم ھېسابلىشىدۇ. روشەنكى، «چاغاتاي مىللىتى» مەۋجۇت ئەمەس. ئاتالمىش «چاغاتاي ئۇلۇسى» چىڭگىزخاننىڭ تۆت ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن زېمىن نامى بولۇپ، مىللەت نامى ئەمەس. بۇنداق قارىغاندا چىڭگىزخاننىڭ تۆت ئوغلى تۆت مىللەت بولۇپ قالغان بولاتتى!

شەرتلىك ھالدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان «چاغاتاي تىلى» مېنىڭچە، پەقەت بىرلا مەنىدە ھەقىقەت بولۇپ، ئۇ چاغاتاي خانلىقى دائىرىسىدە دۆلەت تىلى، ئەدەبىي تىل قىلىپ قوللىنىلغان ۋە ئەينى ۋاقىتتا «تۈرك تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئىلگىرىكى (قاراخانىيلار زامانىسىدىكى) ئەرەب تىلى-ئورنىغا دەسسەلگەن پارس ئەدەبىي تىلى بىلەن تۈركىي ئەدەبىي تىل رىقابىتىدە، ھىندىستاندا تۈركىي ئوردىلاردا پارس تىلى ئۈستۈنلۈكتىكى سېڭكىرېتىك تىل سۈپىتىدە «ئوردۇ» تىلى شەكىللەنگەن بولسا، ماۋرا ئۇننەھىر، خوراسان ۋە ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدا تۈرك تىلى ئۈستۈنلۈكتىكى سېڭكىرېتىك تىل سۈپىتىدە ئاتالمىش «چاغاتاي تىلى» راۋاجلىنىشقا باشلىدى.

ئەگەر بىز «چاغاتاي تىلى»نى ئەرەب - پارس سۆزلىرى بىلەن لۇغەت تەركىبىنى تولدۇرغان شەرقىي تەلەپپۇزدىكى تۈرك تىلى دەپ ھېسابلىساق، بۇ تىلنىڭ، ماۋرا ئۇننەھىردىكى سامانىيلار خانلىقىنى يوقاتقان، ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن تۈركىي مەدەنىيىتىنى تۈركىي مەدەنىيەت ئۇلىدا سېڭكرېتلاشتۇرغان قاراخانىيلار دەۋرىدە، قەشقەردە شەكىللىنىشكە

* «ھىندۇ» ئىبارىسى يەنە «قۇل» «قارا»، «پۇقرا» مەنىلىرىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

باشلىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇ چاغدا چاغاتايخان ۋە ئۇنىڭ بوۋىلىرىمۇ دۇنيادا كەلمىگەن ئىدى. «قۇتادغۇبىلىك»تا گەرچە غەربىي ئاسىيا تىللىرى تولىمۇ ئاز ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، ئۇ، بۇنداق ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى يېڭى باسقۇچىنىڭ بىرىنچى نويۇزلۇق كىتابى بولسا كېرەك. «چاغاتاي ئەدەبىي تىلى» ھەققىدە زەكىي ۋەلىدى توغان «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»گە يازغان ماقالىسىدە توختىلىپ، ئۇنى: «موڭغۇللاردىن ئىلگىرى، بولۇپمۇ قاراخانىيلار دەۋرىدە مۇسۇلمان تۈركلىرى ئارىسىدا گەۋدىلىنىشكە باشلىغان ئەدەبىي پائالىيەت» دەپ كۆرسەتكەن. ياپونىيە تارىخچىسى لىنجەنسەن (ھاياسى كېنزو): «چاغاتاي تۈرك تىلى، باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، ئۇلار تاڭ دەۋرىدە بۇ جايلارنى ئىگىلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تىلى ئىدى» ⑬ دەپ يازغان.

«چاغاتاي تىلى» مەسىلىسىدە ئىلۇرانىسكىي تەرىپىدىن «ئۇيغۇرىزم» دەپ كۆرسىتىلگەن ھادىسە، بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ قىپچاق دالاسى (ئالتۇن ئوردا خانلىقى) دائىرىسىدە تېپىلغان ئىپادىلىرىگە قارىتىلغان.

ئەلىشىر نەۋائىي بىلەن يۈسۈپخاس ھاجىپنىڭ مۇناسىۋىتى، مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ بىرخىل گۇمانىستىك ئىدىيىنىڭ ئىككى باسقۇچىغا ۋە بىر خىل ئەدەبىي تىلنىڭ ئىككى باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلىشتىكى ئورتاقلىق ۋە تارىخىي ئىزچىللىق مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. نەۋائىي ئەسەرلىرىدە خۇددى ئەھمەد يۈكنەكىدەك يۈسۈپخاس ھاجىپ نامىنىڭ تىلغا ئېلىنماسلىقىغا قاراپ، ئۇلارنى مۇناسىۋەتسىز دېيىش گۇدەكلىك. بىز يۈسۈپخاس ھاجىپتىن ئەلىشىر نەۋائىيگىچە ئەرەب- پارس ئېكسكىلىرى ئارىلاشقان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تىلىدا ئەسەر ياراتقان مۇئەللىپلەرنى تارىخ بويىچە قاتارغا تىزىپ كۆرەيلىچۇ، بۇ ئىزچىللىق كۆزگە روشەن تاشلىنىپ تۇرۇپتۇ.

مېنىڭچە، بۇ پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا كونا ئۇيغۇر يېزىقى (ئىدىقۇت يېزىقى) دىن ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى ئۇيغۇر يېزىقىغا ئۆتۈش دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تارىخىي يادىكارلىقمۇ «قۇتادغۇبىلىك»دىن ئىبارەت. بۇ، ئەينى زاماندا پۈتكۈل تۈركىي خەلقتە بۇلاردىن باشقا يېزىق بولمىغانلىقىنى ۋە بۇنداق يېزىق ئىسلاھاتى دەسلەپتە ئۇيغۇر ئالىم - باخشىلىرى تەرىپىدىن ئورۇنلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەلىشىر نەۋائىي يۈسۈپخاس ھاجىپتەكلا «لام»، «نۇن»، «دال»، «ئەلف» ئىبارىلىرىنى مەجازى ۋاسىتە قىلدى ⑭. ئەلىشىر نەۋائىي تىلىنىڭ خارەزم، سەمەرقەنت شىۋىسىگە ئەمەس، بەلكى ئەندىجان شىۋىسىگە مەنسۇپلىكىمۇ تاسادىپىي ئەمەس، ئەلۋەتتە!

## ئەلىشىر نەۋائىي دەۋرىدىكى مەدەنىي مۇھىت

ئىسلامىيەتتىن تاكى ئەلىشىر نەۋائىي زامانىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا دىيارىدا سامانىيلار، قاراخانىيلار، چاغاتاي خانلىقى ۋە تۆمۈرىيلەردىن ئىبارەت تۆت ئاساسىي خاندانلىق ھۆكۈم سۈرۈپ كەلدى. «ئىنكارنى ئىنكار قىلىش» سىياقىدا بىرىنىڭ ئورنىغا ئىككىنچىسى سەلتەنەت سۈرگەن بۇ تۆت خاندانلىقتا ئاساسلىقى ئىككى خىل كىلاسسىك مەدەنىيەت - تۈركىي ۋە پارسىي مەدەنىيەت ئۈستۈنلۈك ئېلىپ تۇردى. سامانىيلار دەۋرىدە ئەرەب، پارسچە ئەسەرلەردىن باشقا تۈركىي ئەسەرلەر ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىن باشقا جايلاردا كۆرۈنەرلىك

ئورۇن تۇتمىدى. تۈركىي نەسەبتىكى مۇئەللىپلەرنىڭ ئەرەب - پارسچە يېزىشتى. چاغاتاي دەۋرىدىكى موڭغۇل، قىپچاقلارنىڭ يۇقىرىقى ئىككى مەدەنىيەت تىپىغا، تولاراقى تۈركىي مەدەنىيەت تىپىغا يۈزلەندى. قاراخانىيلاردىن تاكى نەۋائىيزامانىغىچە ماۋرائۇننەھر ۋە خۇراساندا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بىر قارار مەۋقە ۋە سالماقلىق تەسىرى ھېچقانداق مەسىلە بولماي قالدى.

ئەلشىر نەۋائىي ھىرات، سەمەرقەنت قاتارلىق جايلاردا ھېچقاچان ئۇيغۇر ئالىم ۋە سەنئەت پېشۋالىرىنىڭ ئىجابىي ئەنجۇمەنىدىن ئايرىلغان ئەمەس. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئەنە شەنداق تونجى ئەنجۇمەن ئىدى.

ئەھمەد يەسەۋى، شەيخزادە ئاتائىي، مەۋلانە سەئددىدىن قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ كۈيئوغلى، ۋارىسى ئابدۇراھمان جامىي ئەلشىر نەۋائىي داخىل بولغان سوپىستىك قاراشلارنىڭ مۇھىم بىر قانىتىنى گەۋدىلەندۈرەتتى. ئەبەيدۇللا لۇتپى، سۇلتان مالىك قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەد خوجابەگ «ۋافائىي» بىلەن ئۇنىڭ كىچىك تاغىسى جانبەگ (دولداي) قەشقەرى ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى جامائىتى ئەلشىر نەۋائىيگە ھامىي ۋە مەدەتكار يەنە بىر قانات ئىدى.

ئەبەيدۇللا لۇتپى، پەيزۇللا ئەبۇللەئىسى، ئەھمەد خوجا بەگ ۋافائىي بىلەن ئابدۇراھمان جامىي ئەلشىر نەۋائىيگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن مەدەنىيەت ئەزىمەتلىرى ئىدى.

## ئەلشىر نەۋائىي - يىپەك يولىدىكى شۆھرەتلىك سىما

ئەلشىر نەۋائىي كەڭ مەنىدە پۈتۈن يىپەك يولى مەدەنىيەت قاتلاملىرىدىن ئوزۇقلانغان، پۈتۈن يىپەك يولى مەدەنىيەت خەزىنىسىگە نۆۋەپە قوشقان ئۇلۇغۋار تارىخىي شەخس. ئۇ ئاللىقاچان مىللىي ۋە تېررىتورىيىلىك مەدەنىيەت چەمبىرىدىن ھالقىغان، دۇنياغا ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە يۈزلەنگەن! ئۇ يالغۇز گۇمانىستىك ئىدىيىلىرى بىلەن، مىللەت ھەم تېررىتورىيىدىن ھالقىغان سيۇژېت، ئوبراز ھەم سىمۋوللىرى بىلەن دۇنياغا يۈزلەنگەن بولۇپلا قالماستىن، «فانىي» تەخەللۇسىدىكى پارسىي غەزەللىرى بىلەنمۇ ئۆزىنىڭ بۇ نۇرانە سىماسىنى ياراتقان.

ئەلشىر نەۋائىي «مۇنشائات» ناملىق ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ ئارستو (ئارستوتېل) دىن فارابىغىچە بولغان بىلىملەردىن خەۋەر تاپقانلىقىنى يازغان ئىدى. بىز ئۇنىڭ غەزەللىرى، داستانلىرى ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرىدىن ئۇنىڭ يەھۇدى ۋە ئەرەب ئەپسانىلىرىدىن، مىسىر، يۇنان ۋە ئىران تارىخىدىن، دىنىي - پەلسەپىۋى - تەسەۋۋۇپ بىلىملىرىدىن، ئىشقىي - مۇھەببەت ھېكايىلىرىدىن، ئەخلاق - ئېستېتىكا - شېئىرىيەت - مۇزىكا - فولكلور ۋە سىياسەت ئىلىملىرىدىن يېتەرلىك خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. شەخسەن مېنى ھەيرەتتە قالدۇرغىنى شۇكى، ئۇ مانىزم ئېتىقادىنىڭ ئىختىراچىسى مانىينىڭ ماھىر رەسسام ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار بولغان. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

«سۈرەتىڭدىن ئاجىز ئولسا مانىي ئەرىدستۇر ئەجەب،
قايدا نەققاش ئەيلەگەي كىلكى قازا تەسۋىرىنى».

مانىي سىزغان دەپ قارالغان بەھەيۋەت تام رەسىمى تۇرپان ئىدىقۇت شەھىرىدىكى مانىي ئىبادەتخانا خارابىسىدىن تاكى لېكوك قېزىپ ئېلىپ بېرلىنغا ئېلىپ كەتكەن ھەم ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدا كۆيۈپ كەتكىچە ساقلانغان ئىدى. ئەلىشىر نەۋائىي مىسىرنىڭ شېكەر ـ ناۋاتچىلىقتا، جۇڭگونىڭ بىزدا تام رەسىمچىلىكى ۋە يىپەكچىلىكتە، ئىپارچىلىقتا مەشھۇرلىقىنى ئۆز غەزەللىرىدىكى ئوخشىتىشلاردا روشەن ئىپادىلىگەن.

ئەلىشىر نەۋائىي تۈركىي ئەدەبىياتتا بىز نامىلىرىنى زىكىر قىلغان پېشىۋالاردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىدىن تاشقىرى، ئەبۇلقاسىم پىردەۋسىي، شەيخ سەئدى، ھاپىز شىرازىي، نىزامىي گەنجەۋىي، خۇسراۋ دېھلەۋىي، ئىمامىددىن نەسىمىي، ئابدۇراھمان جامىي قاتارلىق پارس مۇئەللىپلىرىدىن تولۇق خەۋەردار ئىدى. ئۇ ئىسلام كالامىزمىدىكى ئىمام بۇخارىي، ئىمام تېرمىزىي، ئىمام غەززالىدىن يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە ئىدى. ئۇ «تۈرك پىرى» ئەھمەد يەسسەۋىدىن باشقا تەسەۋۋۇپچىلىكتە نەقشەندى، يۈسۈپ ھەمەدانىي، ئابدۇخالىق غىژدىۋانىي، سەئدىدىن قەشقەرى قاتارلىقلار بىلەن نەجمىددىن كۇبرالا، جالالىددىن رۇمىي، پەرىدىددىن ئەتتار، قاسىم ئەنۋەر، خوجا ئەھرارلەك سوپىزم شەيخلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەن.

بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن چىن خاقانىنى، چىن شاھزادىسىنى، چىن خانىشى ۋە ھۆكۈمرانلىرىنى، چىن نەققاشى ۋە خوتەن ئاھۇلىرىنى، ھىندى ـ ئەجەم دەرۋىشلىرىنى، ئىران باتۇرى ۋە كېنىزەكلىرىنى، ئەرەب مۆتىۋەرلىرى، ئەرمەن گۈزەللىرى ۋە گرېك مۇتەپەككۇرلىرىنى، ماۋرائۇننەھىر ۋەتەنپەرۋەرلىرىنى، سەنئەت ئەربابلىرىنى، ھەتتا ئەپسانىۋى، ساماۋى جىن ـ پەرى پەرسوناژلارنى ئۇچرىتىمىز. ئۇلار تېررىتورىيە، دىن، مىللەت، تېرە رەڭگى، جىنسىي ۋە ئىجتىمائىي مەۋقەئى جەھەتتە ھېچقانداق كەمسىتىلمىگەن.

مېنىڭچە، يىپەك يولىنىڭ دەشتى ـ چۆل بويلاپ سوزۇلغان بوستانلىقلىرىدا يارىتىلغان گرېك، ئەرەب، پارس، ھىندى، جۇڭگو (خەنزۇ) كىلاسسىك ئەدەبىياتلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئەلشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىدەك مۇنداق سىنكرېتىك، گۇمانىستىك خاراكتېرگە روشەن مۇيەسسەر بولالمىغان. بۇ نۇقتىدا، ئەلشىر نەۋائىينىڭ يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلبېغىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى ۋە ئۇلۇغۋار مەدەنىيەت نامايەندىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

## ئەلىشىر نەۋائىي ئىجادىيىتىنىڭ تەسىرى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق جەھەتتىكى ئۈچ ئەنئەنە

تۆمۈرىيلەر ھاكىمىيىتىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى ۋە شايبانىلارنىڭ ماۋرائۇننەھر ـ خۇراساندىكى غەلىبىلىرىدىن تاكى ئوتتۇرا ئاسىيادا خىۋە، بۇخارا، قوقان خانلىقلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگىچە قەدەر تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە گۈللەنگەن كىلاسسىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەمەس، بەلكى بابۇر خاندانلىقى دەۋرىدىكى ھىندىستاندا ۋە سۇلتان سەئىدخان ئاساس سالغان يەكەن سەئىدىيە خانلىقىدا ئىزچىللاشتى. ئۇ، ئەلشىر نەۋائىي مىراسلىرىغا بولغان ۋارىسلىقنىڭ ئەگرى ـ توقاي تارىخىي تەقدىرگە دۇچ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى نەۋائىي ۋاپاتىدىن كېيىن يەكەن سەئىدىيە خانلىقى

تېررىتورىيىسىدە ــ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا داۋاملىق كەڭ قانات يايدى. ئۇنىڭ ئاساسى
شەكلى نەۋائىي ئەسەرلىرىنى ھەر خىل نۇسخىدا نەقىشلەپ كۆچۈرۈش؛ نەۋائىي ئەسەرلىرىنى
مەكتەپ ـ مەدرىسلەردە «نەۋائىي» نامىدا ئاساسلىق دەرس قىلىپ ئوقۇتۇش؛ نەۋائىي
ئەسەرلىرىنى ئاساس قىلىپ ئۇيغۇر خەلق كىلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام» تېكىستلىرىنى
قايتا يېڭىلاپ چىقىش؛ نەۋائىي ئەسەرلىرى ئۈلگىسى، نەۋائىي ئىدىيىلىرى تەسىرىدە
ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش؛ نەۋائىي ئەسەرلىرىدىكى
گۇمانىستىك ئىدىيىلەر بىلەن شايبانىخانىنىڭ بەدەخشان ئارقىلىق قىلغان كېڭەيمىچىلىكىنى
ۋە ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكىنى توسۇش قاتارلىق بەش جەھەتتە گەۋدىلەندى.

ھازىر شىنجاڭدا تېپىلغان ۋە «قەدىمكى كىتابلارنى رەتلەش ئىشخانىسى» ئېلان
قىلغان كاتالوگ بىلەن چەتئەللەردىكى قوليازمىلار فوندىلىرى ھەم شەخسلەر قولىدىكى
نەۋائىي ئەسەرلىرى نۇسخىلىرىغا قارىغاندا، شايبانىلار ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە ئەلىشىر
نەۋائىي ئەسەرلىرىنى ھەر خىل كىتاب شەكلىدە ئەڭ كۆپ، ئەڭ كۆركەم كۆچۈرگەن ۋە
ساقلىغان خەلق شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى بولغانلىقى ھېچقانداق سىر ئەمەس.

نەۋائىي ئەسەرلىرى تاكى ئازادلىققىچە قەشقەر، يەكەن، خوتەن مەدرىسلىرىدە،
ئازادلىقتىن كېيىن (گەرچە بىر تەكشى بولمىسىمۇ) شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، ئالىي ئوقۇش
يۇرتلىرىدا ئەدەبىيات دەرسلىكى قىلىپ ئوقۇتۇلدى. ئىلگىرىكى مەدرىسلەردە «نەۋائىي
خانلىق»نى مەزمۇنەن بىلىش ۋە مىسرامۇ ـ مىسرا يادا ئېلىش تەلىپىدە مۇنتىزىم ئۆتۈلدى.

«12 مۇقام» تېكىستلىرىگە ئەلىشىر نەۋائىي غەزەللىرىنى تېكىست قىلىش تۇنجى
قېتىم ئۇيغۇر مەدەنىيەت مۇھىتىدا روياپقا چىققانلىقىنى ئۇنتۇلماسلىق كېرەك! بۇ ئىشتا
ئامانىسا خېنىم، قەدىرخان يەركەندى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان يارىتىپ بەرگەن شارائىتتىن
ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. شۇنىڭدىن باشلاپ بەش ئەسىر جەريانىدا چالغۇ ۋە سادالىرىمىز
نەۋائىي نەپەسلىرى بىلەن ئەۋجى ناۋا قىلىپ كەلمەكتە. ئۆزبېكىستان مۇزىكا تارىخى:
ئۆزبېكىستاندا بۇخارا مۇقامى ۋە خارەزم مۇقامى، ئۇنىڭ پەرغانە ـ تاشكەنتتە تارالغان
(چارماقام دەپ نام بېرىلگەن) مەھەللى شەكلى بولغانلىقىنى، ئۇلارغا ھاپىز شىرازىي،
جامىي، مىرزا بېدىل شېئىرلىرى تېكىستلەشتۈرۈلگەنلىكىدىن، نەۋائىي غەزەللىرى «ئۆزبېك
ۋە تاجىك خەلقلىرىنىڭ تەڭ دەرىجىدىكى مىراسى ھېسابلانغان بۇخارا مۇقامى سېكىلى
شاش (ئالتە) مۇقام»غا مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن، بولۇپمۇ ئۇرۇشتىن كېيىنكى
يىللاردا تېكىست قىلىنىشقا باشلىغانلىقىدىن دەلىل بېرىدۇ⑮. بۇ، ماھىيەتتە ئۆزبېكلەر
ئۆزلەشتۈرگەن تاجىك شەش مۇقامى بولۇپ، ئەرۇز شەكلىدىكى تۈركىي ياكى پارسىي
تېكىستلىرىنىڭ چۈشۈشىدە گەپ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەلىشىر نەۋائىي لېرىكىلىرىدا
«بۇزرۇك»، «راست»، «نەۋا»، «سىگاھ»، «دۇگاھ»، «ئىراق»دىن ئىبارەت
«شاش مۇقام ئاتالمىلىرىدىكى 1 ـ ، 3 ـ ، 4 ـ ، 5 ـ مۇقاملارنىڭ، مۇھىممى «ئىراق»
مۇقامىدىن باشقا مۇقاملارنىڭ نامى تىلغا ئېلىنمىغان.

ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىگە مەدھىيات، نەزىرە، مۇشائىرە ۋە مۇخەممەس يېزىش،
نەۋائىي خەمسىسى ئۈلگىسىدە داستانلار ئىشلەش جەھەتتە ھېچقايسى قېرىنداش خەلقلەر

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كلاسسىكلىرىگە تەڭلەشمىگەن ئىدى. بۇ جەھەتتە «شايبانىنامە» (مۇھەممەد سالىھ)، «سۇبھانقۇلنامە» (مۇھەممەد بەلخىي)، «ئۇبەيدۇللانامە» (سەئىدا نەسەفىي)دىن كېيىن قوقان خانلىقىدىكى شائىر - شائىرەلەر نەتىجە قازاندى.

يەكەن سەئىدىيە خانلىقى گۈللەنگەن مەزگىلدە ماۋرا ئۇننەھىردە فېئودال تارقاقلىق ۋە ئىشانچىلىق مۇرتىزمى ئەۋجىرەپ كەتتى. بابۇر ۋە سەئىدىيە خانلىقلىرى ئۆزئارا خەيرخاھلىق بىلەن بۇ ئېقىمغا قارشى كۈرەشتە ئەلىشىر نەۋائىي ۋەكىللىكىدىكى ئىلغار گۇمانىستىك ئىدىيىلەرنى مەنىۋى قورال قىلدى. ئەمما، مەختۇم ئەزەم - ھىدايىتۇللا ئافاق خوجا - بۇرھانىدىن خوجا ۋارىسلىرى يەكەن سەئىدىيە خانلىقى بىلەن ئەرشى (خوجا ياقۇپ) ھاكىمىيىتىنى قانغا غەرق قىلىپ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ھاكىممۇتلەقلىقىنى تىكلىدى.

شۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە ئۆزبېك خەلقى، بولۇپمۇ پەرغانە ئۆزبېكلىرى ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىدىن كۆپلەپ بەھرىمەن بولدى. چاغاتاي تىلى ۋە قىسمەن قىپچاق تىلى بىرلىكى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى بۇخارا، خىۋە، قوقان خانلىقى دەۋرىدىن باشلاپ چاغاتاي ئەدەبىياتىغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ئالدىنقى مەۋقەسىگە سىلجىدى.

قېرىنداش ئۆزبېك خەلقى مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە، بولۇپمۇ ئۇرۇشتىن كېيىنكى يىللاردا ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش، ئۇنى ھەر تەرەپلىمە تېرەن مۇھاكىمە قىلىش، بىر پۈتۈن ئۆزبېك كلاسسىك ئەدەبىياتى سېھكىلىمىنى ئۆرە تۇرغۇزۇش، نەۋائىينىڭ مەنىۋى ئوبرازىنى كۆتۈرۈپ چىقىش جەھەتلىرىدە ئىپتىخار ۋە ئاپىرىنغا سازاۋەر تارىخىي ئەمگەك سىڭدۈردى. نەۋائىي تەۋەللۇتىنىڭ 550 يىللىقىغا بېغىشلانغان بۇ خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيىتىمۇ تاشكەنتنى مەركەز قىلىپ ئېلىپ بېرىلماقتا.

## خاتىمە. ئەلىشىر نەۋائىي تۆھپىلىرىنىڭ تارىخىي قىممىتى

ئەلىشىر نەۋائىي قانداقتۇر مىللىي ياكى ئىجتىمائىي نەسەبلىرى تۈپەيلى ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە بىر ئۆمۈرلۈك تەپەككۇر ئەمگىكى ۋە ئۆلمەس، بىباھا تۆھپىلىرى تۈپەيلى مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئىپتىخارلىق مۇبارەك ئورۇن ئىگىلىگەن.

ئۇ، ئۆز مىللىتىدىن كېلىپ چىققان، شۇنىڭدەك ئۆز مىللىتى مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىن ھالقىغان. ئۇ، ئۆز زامانىسىنىڭ پەرزەنتى، ئۇ، ئۆزى ياشىغان ماكان سەھنىسىنىڭ كۆرۈنگەن قەھرىمانى، شۇنىڭدەك، ئۇ، بۇ زامان ۋە بۇ ماكان چەمبەرلىرىدىن ھالقىغان ئۇلۇغۋار تارىخىي شەخس.

ئەلىشىر نەۋائىي ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ مىقدارى، كۆلىمى، شۇنىڭدەك بەدىئىي مەپتۇنكارلىقى جەھەتتىن مەدەنىيەت تارىخىمىزدا يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىنكى يەنە بىر ئۇلۇغ مەنىۋى خەزىنە ئىگىسى ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. ئۇنىڭ تۈركىي كلاسسىك ئەدەبىيات يارىتىشتىكى تۆھپىسى بىقىياس زور.

شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تۈركىي ئەدەبىي تىل

ساھەسىدە كۆرسەتكەن خىزمىتى ھەقىقەتەن زور بولغان. بۇ ھەقتە ھۈسەيىن بايقارا «رىسالە»دە مۇنداق يازغان: «ھەق سۆز ئېيتىشنىڭ قەھرىمانى، يەنى نەۋائىي تەخەللۇسى بىلەن مەشھۇر مىر ئەلىشىر تۈرك تىلىنىڭ ئۆلگەن جەسىتىگە مەسىھانەفەسى بىلەن روھ - جان كىرگۈزدى ۋە ئاڭا تۈركىي سۆز ئېيەكلىرىدىن توقۇلغان قىممەت باھا ۋە نەپىس كىيىملەر كىيگۈزدى، يەنە سۆز گۈلۈستانىدا نەۋائىينىڭ نەۋ باھار ئىستېداتىدىن جان بېغىشلىغۇچى يېغىنلار ياغدۇرۇپ، رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلدى. ئۇ يەنە نەزم دەرياسىغا ئۆزىنىڭ تەڭكۇر بۇلۇتلىرىدىن جان كىرگۈزگۈچى تامچىلار تاشلاپ، خىلمۇخىل دۇرلار چاچتى. ئۇ ھەر بىر شېئىرىي تۈر - مەيدانىغا چاپقۇر ئېتىنى سۈرۈپ كىرىپ، شۇ مەملىكەتنى تىل قىلىچى بىلەن ئۆزىگە قاراتتى. ئۇنىڭ نەزملىرىنى ماختاشقا تىل نۇقسانلىق ۋە قەلەم ئاجىزدۇر.»⑯ شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئەلىشىر نەۋائىينى نۇقۇل تۈركىي تىل ۋە ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن چۈشىنىش نەۋائىينىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنىنى چۈشىنىشتىكى ۋاقتى ئۆتكەن، جۈزئىيلىك قاراش بولۇپ قالدى. ھازىرقى كۈندە ئۈستۈنلۈك ئېلىشقا باشلىغان ئىلمىي قاراش ئۇنىڭ جاھان تارىخىي خاراكتېرلىك شاھانە تۆھپىسى - ئۇنىڭ ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي بەخت - سائادىتى، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى كامالىتى توغرىسىدىكى دىنىي، ئىرقىي، مىللىي، جۇغراپىيىلىك چەكلىمىلەردىن ھالقىغان گۇمانىستىك ئىدىيىلىرى ۋە مىزانلىرىدىن ئىبارەت بولماقتا. مانا بۇ ئەلىشىر نەۋائىي سىماسىنىڭ ئۆلمەس جېنى! ئەلىشىر نەۋائىي ئوخشىمىغان مەدەنىيەت قاتلاملىرى ۋە بىلىم مەنبەلىرىدىن مانا مۇشۇنداق غايىۋى جاۋاھىرنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئاقىل مۇتەپەككۇر. ئۇنىڭ گۇمانىستىك نەزملىرىدىن بەزى نەمۇنىلەر مۇنداق:

«كىمكى ئىنساندۇر ئەنىڭ مەھبۇبى ھەم ئىنسان ئېرۇر.»

«باردىن غەرەز گەرچە ئىنسان ئىدى،
ئاڭا داغى مەقسۇت ئىرفان ئىدى.»

«چەرخ ئۆزىكىنىڭ ھەلقەسىدۇر، ئىلىك ھەركەۋكەپ ئاڭا،
قەتىل ئۈچۈن ئاستىدا قىلغان زەھەر پىنھان خاتەمى.»⑰

«پەلەك بىدادىدىن گەرچەند مەن خاكۇ غۇبار ئولدۇم،
تىلەرمەن تاپمىغايلەر تۇتىيالىققا غۇبارىمنى.»⑱

«ئەگەر سەن ھەمدەمىم بولساڭ ئىكەۋلىك ياخشىدۇر، يوقسە،
ئەبەد ئۆمرى ئەگەر تاپسام ئۆزۈمنى ئىستەرمەم يالغۇز.»⑲

«ئادىمى ئىرسەڭ دېمەگىل ئادىمى،
ئانىڭكى يوق خەلق غەمىدىن غەمى.»

«چۈن مالامەت جان ئالۇر ھۆسن ئېچرە ئانى ئىستەگىل،
خاھى دىلبەر كىشىۋەرى بولسۇن خوتەن، خاھى ھەبەش.»⑳

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ گۇمانىستىك ئىدىيىلىرى ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى سىۋىلىزاتسىيىسىگە قاراپ زور كۆلەملىك ئىنتىلىشلىرى بىلەن تولغان ھازىرقى زامان پىكىر ئېقىمىدا ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ جىلۋىلەندۈرگۈسى. ئەلىشىر نەۋائىي ھاياتىي قۇدرىتىنى مەڭگۈ ساقلايدىغان ئىلغار ئىدىيىلىرى بىلەن يالغۇز ئۆتمۈشنىڭ مەنىۋى قەھرىمانى بولۇپ قالماي، يەنە كەلگۈسىنىڭ جەزبىكار گۇمانىستىك سىماسىدۇر، ھەم!

ئەلىشىر نەۋائىي خەلقلەر دوستلۇقىنىڭ يالقۇنلۇق مەشئەلى سۈپىتىدە قايتا ئويغىنىۋاتقان يىپەك يولى مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ مەنزىرىسىنى مەڭگۈ يورۇتقۇسى!

## ◀ئىزاھلار▶

① «بابۇرنامە»، 1988 - يىل ئۆزبېكچە نەشرى، 76 - بەت.

② «ئۆزبېك تىياتىرى»، 1 - كىتاب، 1979 - يىل ئۆزبېكچە نەشرى، 255 - بەت.

③ «ھىندىستان تارىخىنىڭ يىلنامىلىق خاتىرىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 1957 - يىل، 23 - بەت.

④ ئې. ئە. بېرتېلس، «نەۋائىي»، موسكۋا، 1948 - يىل، 193 - بەت.

⑤ مەنىسى مۇنداق: ئەي خوتەن كىيىكلىرى مېنىڭ بۇ مەجنۇن دىلىمنى (داۋالاش ئۈچۈن) ئۇ يەردىكى چىشى ئاھۇلىرىنىڭ مۇشكى ئىپارلىرىدىن ئەۋەتسىڭىز بولاتتى.

⑥ مەنىسى مۇنداق: بۇ يالغۇز يۈز - چىراي دەپ قالما، ئۇ خوتەن گۈلزارى؛ ئۇنىڭدىكى خەت تارتقان موپلار خۇش پۇرىقى قويۇق قارا ئىپارنىڭ دەل ئۆزىغۇ!

⑦ مەنىسى مۇنداق: ئاق يۈزۈڭدە خالىڭ قارا ئىپاردەك تۇرۇپتۇ؛ بۇ مەن غېرىبنى خوتەن دىيارىغا قۇل قىلىپ چۈشۈرگەن («ھىندۇ» ئىبارىسى بۇ يەردە «قارا»، «قۇل» مەنىسىدە كەلگەن).

⑧ مەنىسى مۇنداق: شەجەر دەرىخىنىڭ ياپراق (يىلتىز)لىرى جەننەتتىكى ھىجرانغا يېيىلىپ تۇرۇپتۇغۇ؛ ئۇنىڭ غول - شاخلىرى بۇ گۈلنىڭ (ھىجران پىراغىدىكى) كۆز ياشلىرىدىن كۆكلىرىپ كەتكەن - دە.

⑨ مەنىسى مۇنداق: تۈرك تۈركۈمى (كىشىلىرى، جامائەتتى)گە دېدىم، سەن ياكى ئۇ ھۆسن بابىدا ئۇستىلۇن، شۇ سەۋەبتىن مەندەك 100 بەندە ساڭا بەخشەندە قۇل بولغۇسى.

⑩ بۇ سۆز پارچىدا «كۆزگە چېلىققان» مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

⑪ ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قوليازمىلار فوندىدا ساقلانغان «تارىخى رەشىدى» نۇسخىسىنىڭ 121 - بېتىدىكى «مىر ئەلىشىر زىكرى» قىسمىغا قارالسۇن.

ئەلىشىر نەۋائىي ھەققىدە توختالغان ھۈسەيىن بايقارا («رىسالە»دە)، بابۇر («بابۇرنامە»دە) ۋە مىرزا ھەيدەر ئۇنىڭ تۈركىي شېئىرلىرى كۆپ ۋە يۈكسەك دەرىجىدە يازغانلىقىنى بىردەك تىلغا ئالغان.

⑫ «ئەلىشىر نەۋائىي» (15 توملۇق ئەسەرلەر) 13 - توم 160 - بەتكە قارالسۇن.

⑬ «شەرقىي ئاسىيا چاغاتاي ئەۋلادلىرى تەزكىرىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 384 - بەت.

⑭ بۇنىڭغا بىر مىسال: «‹ئەلىف› كەبىي قەددىڭ ئول ئىككى ‹لام› زۇلف ئىچرە، كۆرۈنگەچ، ئولدۇم ئەلەر ۋەسفىن ئەيلىمەكتىن لال» (مەنىسى: ئىككى ‹ل›دەك ئىلمەك چاچلار ئارىسىدا «ا»دەك تۈز قەددىڭنى كۆرۈپ قېلىپ، بۇ نېمە ئەھۋال ئىكەنلىكىنى ئېيتالماي تۇرۇپ قالدىم).

⑮ «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى»، 1981 - يىل تاشكەنت نەشرى، 36 - ، 37 - بەتلەرگە قارالسۇن.


⑯ ئىززەت سۇلتان: «نەۋائىينىڭ قەلب دەپتىرى»، 1969 - يىل ئۆزبېكچە نەشرى، 397 - بەت.

⑰ مەنىسى: ئىنسان ئالەم ئۈزۈكىنىڭ ھالقىسى، ئەمما ھەر بىر يۇلتۇز خۇددى ئىنسانغا قاتىللىق قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئۈزۈك ھالقىسىغا يوشۇرۇن ئورنىتىلغان زەھەرلەنگەن كۆزگە ئوخشايدۇ.

⑱ مەنىسى: پەلەك دەرىدىن يەنچىلىپ توپا - تالقان بولۇپ كەتتىم، شۇنداقتىمۇ ئالەم بۇ تالقانلىرىمنى ئەمما كۆزىنى داۋالاشقا تۇتىيا قىلىۋالمىغىيتتى.

⑲ مەنىسى: سەن ھەمدەم بولالىق ئىككىمىز بىرىمىزدىن ياخشى ئىدى، بۇنداق بولمىغاندىمۇ يالغۇز يۈرۈپ بولسىمۇ يوقاتقان ئۆزۈمنى (ئىنساننى) ئىزدەيمەن.

⑳ مەنىسى: گۈزەل ھۆسن ۋە سۈلكەتلىرى بىلەن سېنى مەپتۇن قىلغان دىلبەرنى ئىزدە، ئۇنىڭ يۇرتى خوتەن ياكى ھەبەشىستان بولۇشىنىڭ كارايىتى يوق.




## «ئەدەبۇس سالىھىن» (ياخشى ئەدەبلەر)دىن پارچىلار

مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

**ئۇچرىشىشنىڭ ئەدەبلىرى توغرىسىدا:**

... كىشىلەر ئۇچراشقاندا ئىككى قول بىلەن كۆرۈشكەيلەر، قول ئۇچى بىلەن ئەمەس. ئەسلى كۆرۈشۈش قائىدىسىدە قولنىڭ ئالقىنىنى قولنىڭ ئالقىنىغا تەگكۈزۈش ئېيتىلغاندۇر. كۆرۈشكەندە، دەسلەپ قولنى ئۇزارتقان كىشى قولنى تاكى ھەمراھى قولنى تارتمىغىچە تارتمىغاي. ئۇچراشقان ۋاقىتتا چىرايىنى ئوچۇق تۇتقاي.

**ئۇخلىماقتىكى ئەدەبلەر توغرىسىدا:**

... كىشى ئۇخلىماقنى نىشان قىلغان ۋاقىتتا ئىشىكلەرنى مەھكەم ئەتكەي، ئىدىشلارنىڭ ئاغزىنى ياپقاي ۋە ئۆيىنى ئاستا سۈپۈرگەي، كۆرپىنى ئۈچ قېتىم سىلكىپ سالغاي ۋە چىراغنى ئۆچۈرگەي.

ياخشى چۈش كۆرسە ئىزھار قىلغاي ۋە ئۇنىڭغا شۈكرى قىلغاي. ناۋادا يامان ۋە پەرىشان چۈش كۆرسە، ھېچكىمگە ئىزھار قىلمىغاي ...

**يول يۈرۈشنىڭ ئەدەبلىرى توغرىسىدا:**

... كىشى يوللاردا، خۇسۇسەن، بازار بولغان جايدا ئۆزىگە ئېھتىيات قىلىپ يول يۈرگەي، يېنى بىلەن بىر كىشىنى ئۇرمىغاي ياكى كىشىنىڭ ئايىغىنى دەسسىمىگەي. ئەگەر ئىككى كىشى يولدا ھەمراھى بىلەن سۆزلىشىپ كېتىۋاتقان بولسا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتمىگەي، خۇسۇسەن ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرمىگەي، بۇ چوڭ ئەدەبسىزلىكتۇر.

يولدا قېرى كىشىلەرنى ھۆرمەت قىلغاي ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغاي. خۇسۇسەن، ئەگەر ئۇستازى ياكى پىرى بىلەن يولدا ھەمراھ بولسا، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈرگەيلەر. ئۇلارنىڭ ئىزلىرىغا ئېھتىيات قىلىپ قەدەم قويمىسا، بىئەدەبلىك بولغاي.

يول ئۈستىدە بىر كىشى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرمىغاي، سالاملىشىپ تېز ئۆتكەيلەر. ئەگەر مۇھىم سۆزلىرى بولسا، بىر چەتكە چىقىپ



سۆزلەشكەيلەر، ئەمما مەنزىلدە ۋە ئۆيدە ئولتۇرغان بولسا، بىر - بىرلىرىنىڭ ھاللىرىنى سوراشماق مۇۋاپىقتۇر، سەۋەبى ئۇلار ئۇلپەت ۋە مۇھەببەتتۇر.

يولدا تۇرغان تاش ۋە ئىزا كەلتۈرۈدىغان نەرسىلەرنى كۆرۈپ قالسا، يىراق قىلغاي.

بۇرنىنىڭ سۈيىنى ۋە ئاغزىدىن بەلغەمنى ناۋادا يولغا تاشلىسا ئۇنى كۆمۈۋېتىپ ئۆتكەي.

سۆھبەت ئەھلىنىڭ ئەدەبلىرى توغرىسىدا:

سۆھبەتنى خىلۋەت جايدا قىلماقنى ياخشى نىيەت قىلغاي، يەنى بىغەرەز بولغاي.

كىيىم ۋە بەدىنىنى پاكىزە، خۇش بۇي تۇتقاي، بەتبۇي نەرسىلەرنى ئۇلاردىن يىراق قىلغاي. سۆھبەت ئەھلىدە نەپرەتلىك مىجەز بولمىغاي. ئاغزىنى خام پىياز، سامساق ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش پۇرايدىغان نەرسىلەردىن پاكىزە تۇتقاي ... دوستلىرىنى يىرگەندۈرگۈچىلەردىن بولمىغاي.

ياخشىلارنىڭ سۆھبىتىگە ھېرىس قىلغاي. ئەزىزلەر: «نامازنىڭ ۋاقتى باردۇر، سۆھبەتنىڭ ۋاقتى يوقتۇر، يەنى ياخشىلار - نىڭ سۆھبىتىنى تۈگىگەندىن كېيىن تاپقىلى بولماس» دەپ ئېيتقاندۇر. بەس، ھەرىكەت قىلغايكى، پەيت يوقالمىغاي - (ئۆتۈپ) كەتمىگەي.

سۆزلىگەن ۋاقىتلاردا قاتتىق سەمىمىي بولغايلەركى، ئۇنىڭ كۆپ پايدىسى باردۇر. بىر - بىرلىرىگە يۈزلىرى بولغاي ۋە يەنە بىر - بىرلىرىگە نەزەر سالغاي. ھەممىلىرى رۇخسەتسىز بىر خىلدا ئولتۇرغاي ... ئەگەر سۆھبەت ئەھلى ئولتۇرىسىدا بىر ئۇلۇغ كىشى بولسا، ئەدەب شۇلكى، باشقىلار يۈزلىرىنى شۇ كىشىگە قىلىپ ئولتۇرغاي.

ئەگەر ئىككى كىشى سۆھبەت قىلسا، روبىرو ۋە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرغايلەر.

مەجلىس (سۆھبەت) تە ئەدەب ۋە ھۆرمەت بىلەن ئولتۇرغاي، سۆھبەت ئەھلىگە ئورۇننى كەڭ قويغاي ۋە تىزىنى باشقا بىرسىنىڭ تىزىغا تەككۈزمىگەي ۋە ئىككى كىشى ئولتۇرىسىغا رۇخسەتسىز بېرىپ ئولتۇرمىغاي.

سۆھبەت ئەھلى كىرگەن ۋە چىققان ۋاقتىدا ئورنىدىن تۇرغاي.

ئابرويلۇق كىشىنى يۇقىرى ئولتۇرغۇزغاي ۋە تازىم قىلغاي، بەلكى ھەر كىمنى ئۆزىدىن ئۈستۈن قويۇپ ئۇنىڭغا تازىم قىلغاي.

ئۆزىنى ئەدەبسىز سۆزدىن ۋە ئەمەل (ئىش) دىن، يامان ھەرىكەتتىن ۋە ئورۇنسىز جىجىتلىقتىن ساقلىغاي.

ئۇلۇغ ۋە كىچىكلەرنىڭ ھەر قايسىغا ئۆز مەرتىۋىسىگە لايىق ھۆرمەت بىلدۈرگەي، قېرى كىشىلەرنى ئاتا مەرتىۋىسىدە كۆرۈپ، ئۇلارغا ھۆرمەت قىلغاي، يېقىنلىرىنى ئاكا ۋە ئىنى قاتارىدا كۆرۈپ، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە، يېقىنچىلىق ۋە ئىززەت بىلەن مۇئامىلە قىلغاي ۋە يەنە كىچىكلەرنى ئۆز پەرزەنتى قاتارىدا كۆرۈپ، شەپقەت، نەسىھەت ۋە ئەدەب بىلەن بولغاي. ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا دالالەت قىلغاي، لېكىن يامانلار- نىڭ سۆھبىتىدىن پەرھىز قىلغاي. ناۋادا ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە قاتنىشىش زۆرۈر بولۇپ قالسا، كۆزىنى ۋە ئاغزى (كۆڭلى) نى ئۇلاردىن ساقلىغاي.

ئەگەر مەجلىس (سۆھبەت) ئەھلى ئارىسىدا چۈشكۈرۈك كەلسە، ئىمكانىنىڭ بارىچە ئاۋازىنى پەس قىلغاي ۋە مۇلايىم چۈشكۈر - گەي، ئاغزىغا يېڭىنى يا باشقا نەرسىلەرنى تۇتقاي ...

چۈشكۈرۈك مۇقەررەر بولسا، دۇرۇسراق سۆز شۇلكى، ئۈچىنچى چۈشكۈرۈكتە ئۇنىڭغا: زۇكام بولۇپسىزمۇ؟ دېگەي ...

سۆھبەت ئەھلىگە، مەيلى ئۆز خاھىشى بىلەن بولسۇن، مەيلى رىغبەت بىلەن بولسۇن خىزمەت قىلغاي.

دوست ۋە ناتونۇشلارنىڭ سۆھبىتىدە چىرايىنى ئوچۇق ۋە تىلىنى شېرىن تۇتقاي.

مەجلىستە (سۆھبەتتە) ئەگەر مەدھىيە - لەنسە، مەدھىيە ئۇلۇغلاردىن بولسا، «ئەل - ھەدايامۇشتەرىكۇن» («مەدھىيە ئورتاقتۇر»)

دېگەي ۋە سۆھبەت ئەھلىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا شېرىك قىلغاي، ئەگەر ئۆزى بىلەن ئىشلەيدىغانلار يوق بولسىمۇ ئۇلارنى بۇنىڭغا شېرىك قىلغاي.

ئەگەر دوستى بۇزۇقلۇق (زىناخورلۇق) قىلغان بولسا، خىلۋەت جايدا تاكى تۆۋە قىلغىچە نەسىھەت قىلغاي.

ئەزىزلەرنىڭ نەسىھەت ۋە ۋەزلىرىگە جان - دىل بىلەن مىننەتدار بولۇپ، قوبۇل قىلغاي ...

**سۆھبەت ئەھلى قېچىشلىرى لازىم بولغان** بەزى قىلىقلار توغرىسىدا: كۆڭلى ئۇنىڭ سۆھبىتىدىن پەرىشان بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇدىغانلار بولسا، ئۇنداق كىشىلەر بىلەن سۆھبەت قىلمىغاي.

سۆھبەتتە مۈگدەپ قالمىغاي.

مەجلىستە (سۆھبەتتە) ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتمىغاي ...

بىر كىشى سۆزلەپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمىگىچە گەپ قىلمىغاي.

سۆھبەتتە بەك ئۈزۈن سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرمىغاي ...

بەك كۆپ سۆزلىمىگەي ...

سۆزىنىڭ پاساھەتلىك ۋە بالاغەتلىك (تولۇق) بولمىغىنىنى ئىزھار قىلمىغاي ياكى سۆزلەش جەريانىدا تەكەللۇپ قىلمىغاي.

ئۆز ھالى ۋە مەرتىۋىسىدىن ئارتۇق، چوڭ گەپلەرنى دېمىگەي.

يارەنلىرىگە كۆپ خوشامەت قىلمىغاي...

سۆھبەتلەردە كۆپ چاقچاق ۋە ياپتا گەپ قىلمىغاي، ئوتتۇراھال ئىش تۇتقاي، بەزىدە راست سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى كۈلدۈرسە ھېچ زىيىنى يوقتۇر.

مەجلىستە (سۆھبەتتە) ئىككى كىشى بىر - بىرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ ۋە ئازادە سۆزلەشمىگەيلەر ياكى باشقا بىر تىلدا سۆزلەشمىگەي، يەنى ئۇ تىلنى مەجلىس ئەھلى بىلمىدىغان ۋە بەزىلەر بىلمەيدىغان بولسۇن، بۇ قىلىق ئەدەبسىزلىكتۇر. ناۋادا زىيابەت قىلغۇچى خادىمغا، يا خادىم ئۇنىڭغا تاماقلار تەرتىپى توغرىلىق قولاقلىرىغا پىچىرلىشىش ۋە ئىشارەت بىلەن سۆزلىشىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسا، بۇ مۇۋاپىقتۇر. ئىككى كىشى بىر يەردە بىر - بىرىگە سىر ۋە يوشۇرۇن ئىشلارنى ئېيتىۋاتقان بولسا، ئۈچىنچى بىر كىشىگە ئەدەب شۇلكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرمىگەي ۋە قولاق سالمىغاي.

**كېسەل يوقلاشتىكى ئەدەبلەر توغرىسىدا:** دوست - يارەنلىرىنىڭ ھەر خىل كېسەللىرىنى بېرىپ يوقلاپ ھالىنى سورىغاي. ھال سوراشنى بىر كېسەلگە ئالاھىدە قىلمىغاي.

بىمار باشقا دىندا بولسىمۇ، ئۇنى يوقلاشقا تېگىشلىك.

بىمارنىڭ ئالدىغا كىرگەن ۋاقىتتا چىرايىنى ئوچۇق تۇتقاي، دىلكەشلىك، ئۇلپەتچىلىك ۋە شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلغاي. يېنىك كىيىم بىلەن كىرگەي، كىر كىيىم بىلەن كىرمىگەي. كۈلۈپ كىرىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغاي. بىمارنىڭ يۈزىگە تېز - تېز قارىمىغاي ۋە كۆپ سۆزلەشمىگەي، شۇنداقلا قاتتىق سۆزلەشمىگەي . . . كۈندۈز ۋە كېچىلەردىكى ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟ دەپ سورىغاي. كېسەللىكنى ھەركۈنى سورىمىغاي...

كۆڭلىڭىز نېمىنى تارتىدۇ؟ دەپ سورىغاي. ئەگەر بىمار كۆڭلى تارتىدىغان نەرسىنى ئىزھار قىلسا، ئۇنىڭغا زىيان قىلمايدىغان نەرسە بولسا، ئۆزى تېپىپ بەرگەي ياكى باشقىلارغا تېپىپ بېرىشنى ئەمر قىلغاي . . .

بىمارنىڭ ئالدىدا كۆپ ئولتۇرمىغاي ... ئەگەر بىمار ئولتۇرۇشنى تەلەپ قىلسا ئولتۇرغاي ۋە ۋاقىتلىق خوش بولىدىغان سۆزلەردىن، ھېكايىلەردىن سۆزلەپ بەرگەي . . .

**بىمارنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدەبلىرى توغرىسىدا:** بىمار دەردى - ئەلەم پەيدا بولغان ۋاقىتتا شۈكرى قىلغاي ۋە ئۆزىگە ئۆلۈم تىلىمىگەي . . .

بىمار ئۆز گۇناھلىرىدىن تـوۋا قىلغاي . . . ۋە كىشىلەرنىڭ ھەققى بولسا ئادا قىلغاي، دوست ۋە ھەمسۆھبەتلىرىدىن رازىلىق تىلىگەي . . .

جەھاز ۋە كېپەنلىكلەش ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ھەققىدە ۋەسىيەت قىلغاي، يەنى سىلەر ماڭا ئۇنداق كېپەن قىلىڭلار ۋە پالانى جايغا قويۇڭلار . . . دەپ ۋەسىيەت قىلسا دۇرۇستۇر.

. . . قېرىنداش ۋە پەرزەنتلىرىگە مۇسىبەتكە سەۋر قىلىڭلار دەپ ۋەسىيەت قىلغاي.

**مۇسىبەت ئەھلىنىڭ ئەدەبلىرى توغرىسىدا:** مۇسىبەتكە كەلگۈچىلەر مۇسىبەت ئەھلىگە تەزىيە بىلدۈرگەي، بۇ تەزىيە دەپنىدىن ئىلگىرى ۋە دەپنىدىن كېيىن بولىدۇ.

تاۋۇتقا ھەمراھ بولغۇچى كىشىلەرگە سۈكۈت ۋاجىبتۇر . . .

مۇسىبەت ئەھلى يىغىدا ئاۋاز كۆتۈرمەگەي.

مېيىتنى كۆمگەندىن كېيىن ھەر قايسىلىرى ئۆز ئىشلىرىغا كەتكەيلەر . . .

**ساھىبخانىنىڭ مېھمان ئالدىدىكى ئەمەل قىلىدىغان ئەدەبلىرى توغرىسىدا:** مېھمانىنى تولىمۇ ئۇلۇغلىماق كېرەك. مېھمانىنى ھۆرمەتلىمەكنىڭ مۇددىتى ئۈچ كۈندۇر، ئۈچىنچى كۈنىدىن تارتىپ كۆپ تەكەللۇپ قىلمىسىمۇ بولىدۇ.

تائامنى مېھمان ئالدىغا تېز كەلتۈرگەي ۋە كۆپ ساقلىتىپ قويمىغاي. نان ۋە باشقا تائامنى ئىسراپ قىلىدىغان ئىش تۇتمىغاي. ناننى داستىخانغا تاق قويغاي . . . پەقەت داستىخاننىڭ ئۈستىگە يەتكىدەك نان قويغاي، ئارتۇق قويسا ئىسراپ ۋە خارلاش بولۇر.

مېھمانغا تائام قويغاندىن كېيىن تائامغا بېقىشقا ئىجازەت بەرگەي. ئاۋادا مېھمان ناتونۇش بولسا، ئاۋۋال ئۆي ئىگىسى تائامغا قول ئۇزاتقاي ۋە قولىنى ھەممىدىن كېيىن تائامدىن تارتقاي، ئەگەر مېھمانلار ئۆزىنىڭ دوست - بۇرادەرلىرى بولسا ئاۋۋال ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلاردىن ئىلگىرى قول ئۇزاتمىغاي . . .

مېھمانىنى تائامغا ھەددىدىن تاشقىرى تەكلىپ قىلمىغاي. تەكلىپ پەقەت ئۈچ مەرتىۋە بولغاي، ئۇنىڭدىن زىيادە بولمىغاي.

لەززەتلىك ۋە ئوخشىغان تائامنى مېھمانغا يېدۈرگەي، ئۆزى ئادەتتىكىرەكنى يېگەي. ئەگەر تائام ئاز بولسىمۇ مېھماننىڭ ئاچ قورساقلىقىنى ئۇقسا، ئۆزى ئاز يەپ، تائامنىڭ كۆپرەكىنى مېھمانغا يېدۈرگەي.

مېھمان تائامنى يەپ بولغاندىن كېيىن كەتمەكچى بولسا، ئىجازەت بېرىپ تاكى ئىشىككىچە ھەمراھ بولۇپ ئۇزاتقاي . . .

ئۆيدە قانداق نەرسە ھازىر بولسا، مېھماننىڭ ئالدىغا قويغاي.

تائام ۋاقتىدا ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلمىغاي. ئەگەر ياخشى نىيەت ۋە دۇرۇس غەرەز بىلەن تەكەللۇپ قىلسا بولۇر.

**مېھماننىڭ ساھىبخان ئالدىدىكى ئەمەل قىلىدىغان ئەدەبلىرى توغرىسىدا:** چاقىرىلغان بولسا بىر كىشىنىڭ تائامى ئۈستىگە بارمىغاي. ئەگەر ئىككى كىشى چاقىرغان بولسا، قايسىسى ئۆزىگە يېقىنراق بولسا، ئاۋۋال ئۇنىڭكىگە بارغاي. ئاۋادا ھەر ئىككىسى ئوخشاش بولسا، قايسىسىنىڭ دوستلۇقى كۆپرەك بولسا، ئاۋۋال شۇنىڭكىگە بارغاي. چاقىرىلمىغان كىشىنى قوشۇپ ئېلىپ بارمىغاي، ئاۋادا بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆزى بىلەن قوشۇلۇپ بارسا، ساھىبخانىنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە، بۇ كىشى ئۆزى كەلدى، ئىجازەت بولسا كىرسۇن، ئىجازەت بولمىسا قايتسۇن دەپ ئېيتقاي.

مېھمان ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تائام يەپ بارغاي، مېھمان بولغان جايدا كىشىلەر ئارىسىدا ئاچكۆزلۈك بىلەن تائام يېمىگەي.

ساھىبخان قايسى جايدا ئولتۇرغۇزسا، شۇ جايدا ئولتۇرغاي. ھەر خىل نەرسىلەرنى كەلتۈرسە تېتىپ باققاي. ئۆيان - بۇيانغا

قاراشتىن ساقلانغاي. ساھىبخانغا بۇيرۇق قىلمىغاي يەنى تائام ۋە باشقا ۋەجىدىن. ئەگەر بىر - بىرسى بىلەن بۇرۇندىن باشلاپ ئالاقە قىلغان بولسا، بۇيرۇق قىلسا بولۇر.

مېھمانلار بىر- بىرسىگە لوقما بەرمىگەي...

ساھىبخانىنىڭ تائامىنى ئىسىۋە قىلىپ كۆتۈرمىگەي، تائام ئۇلار ئۈچۈن قويۇلغاندۇر . . .

داستىخانىنى يىغقاندىن كېيىن ساھىبخانىنىڭ تائامى ئۈچۈن دۇئا قىلغاي.

تائامدىن كېيىن كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرماي كېتىشكە ئىجازەت تىلىگەي، ئىجازەتسىز ۋە رۇخسەتسىز قايتمىغاي.

يېمەك - ئىچمەكتىكى ئەدەبلەر توغرىسىدا: تائامنى ئاز يېگەي. قورساق راستىن ئاچمىغىچە تائام يېمىگەي. تائامنى بەك تويغىچە يېمىگەي، ئازراق ئىمكانىيەت قالغاي.

ئولتۇرۇپ تائام يېگەي . . .

تائامنى سۈپرا ياكى داستىخان ئۈستىگە قويۇپ يېگەي . . .

تائامغا مېھمانلارنىڭ چوڭى قول ئۇزاتمىغىچە كۆپچىلىك قول ئۇزاتمىغاي.

ئەگەر چوڭ كىشىلەر بولسا، تېزراق تائامغا قول ئۇزاتقاي ۋە كۆپچىلىكنى كۆپ تەلمۈرتمىگەي.

تائامنى ئۆز ئالدىدىن ئالغاي، ئەمما مېۋىلەرنى قايسى تەرەپتىن ئالسا بولۇر.

نان ۋە نان پارچىلىرىنى قەدىرلىگەي.

ناننى ئىككى قولى بىلەن سۇندۇرغاي . . .

ئاغزىدىن ياكى قولىدىن چۈشكەن ناننىڭ ئۇۋاقلىرىنى دەرھال تېرىپ يېگەي، ئۇنىڭدا خاسىيەت كۆپتۇر . . .

تائام يېيىش ۋاقتىدا (تائامنى) تېز - تېز، ئالدىراپ يېمىگەي . . .

لوقمىنى بەك چوڭ ۋە كىچىك ئالماي ئوتتۇراھال ئالغاي. ئاغزىدىكى لوقمىنى ئوبدان چاينىغاي ۋە ئاستا يۇتقاي، تائام ئىسسىق بولسا تائامنى پۈۋدىمىگەي ۋەسەۋر قىلغاي. ئاغزىنى تائامغا چوڭ ئاچمىغاي.

تائامنى ئوڭ تەرەپتىكى چىشلىرى بىلەن چاينىغاي، ئەگەر ئوڭ تەرەپتە چىش ئاغرىقى ۋە باشقا سەۋەبلەر بولسا، سول تەرەپتىكى چىشى بىلەن چاينىسىمۇ بولىدۇ. تاكى ئاغزىدىكى تائامنى يۇتۇپ بولمىغىچە قولىنى تائامغا ئۇزاتمىغاي. چىشلىگەن تائامنى يەنە قاچىدىكى تائامغا قويمىغاي.

ئەگەر تائام ئىسسىق بولسا، بىر ئاز سەۋر (تەخىر) قىلغاي. تاماق يۇقى قولىنى تاۋاققا سىلكىمىگەي . . . يىلىكنى كۈچ بىلەن ناننىڭ ئارقىسى ۋە يۈزىگە ياكى تاۋاقنىڭ لېۋىگە، ياكى داستىخانغا ئۇرمىغاي.

تائامنىڭ ئۈستىدە باشتىن ئاخىرخامۇش بولمىغاي، بۇ مەنئىي قىلىنغاندۇر ...ۋە ھەر خىل تائامنى يەرگە ئۇرمىغاي.

ئەگەر ئىمكانىيەت بولسا، تائامنى يالغۇز يېمىگەي...

(داستىخان ئۈستىدە) كۆپچىلىك بىلەن ھەمنەپەس بولغاي. داستىخان كۆتۈرۈلمەستىن ئىلگىرى جايىدىن تۇرمىغاي. ئەگەردە زۆرۈر بولسا (تۇرۇش) راۋادۇر.

ياخشى تائامنى ھەمراھىغا قويغاي، ئۆزى بۇنىڭغا قول ئۇزاتمىغاي.

ئەگەر گۆش تولىمۇ يۇمشاق پىشقان بولسا، قول بىلەن پارچە - پارچە قىلغاي ۋە پىچاق سالمىغاي.

تائام يېگەندە قوشۇقنى بەك تولدۇرۇپ ئىچمىگەي، بۇ ئاچكۆزلۈكتۇر. ۋە يەنە ھەم ئاز - ئاز ئېلىپ ئىچمىگەي. قوشۇقتىكى شورپىنى داستىخانغا ياكى كىيىمگە تېمىتمىغاي. قوشۇقتىكى ئاشنىڭ يېرىمىنى ئىچىپ، ئاشقىنىنى قاچىدىكى ئاشقا قايتۇرمىغاي.

قوشۇق بىلەن ئاش ئىچكەندە، ئاغزىنى قاچىدىكى ئاشقا بەك يېقىن كەلتۈرمىگەي. قوشۇق ئۈچۈن ئاغزىنى بەك چوڭ ئاچمىغاي. ئاغزىنىڭ ئىچىگە قوشۇقنى سالمىغاي. قوشۇق بىلەن ئاش ئىچكەندە ئاغزىدىن غەلىتە ئاۋاز چىقارمىغاي ۋە قوشۇقنى تاۋاقنىڭ گىرۋىكىگە

قاتتىق تەگكۈزمىگەي. قوشۇقنى تاۋاقتا سىلىپ قويغاي، تائامنىڭ يېرىقۇندىلىرى بولسا ئۇنىڭغا تامىمىغاي.

ئەگەر كىشى پوستىلىق ۋە ئۇرۇقلۇق مېۋىلەرنى يېمەكچى بولسا، ئەدەب شۇلكى، ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى ۋە پوستىنى مېۋىگە قوشۇپ يېمىگەي، بەلكى يىراق جايغا تاشلىغاي. ئەگەر مەجلىس (سۆھبەت) يېرىملاشقان بولسا يىراق جايغا تاشلاشقا ئىمكان بولمىسا، ئۇنى ياغلىق ياكى بىر لاتىغا يۆگەپ ساقلىغاي ۋە كۆپچىلىكنىڭ كۆزىدىن نېرىراق تۇتقاي. ئەگەر ياغلىق بولمىسا سول قولىدا ساقلىغاي، پۇرسەت بولسا سول قول تەرەپتە خالىي جاي بولسا، ئاندىن تاشلىغاي، تاشلاشتا ئېھتىيات قىلغاي، ئۇ يەردە ئاياغ بولسا، ئاياغنىڭ ئىچىنى مەينەت قىلمىغاي.

تائامدىن كېيىن چىش كولايدىغان نەرسە بىلەن چىشنى كولىغاي... بىلگىنكى، تىل بىلەن چىشتىن چىقارغان تائامنى يېمەك مەكرۇھ ئەمەستۇر. ئەمما چىش كولايدىغان نەرسە بىلەن چىققان تائامنى تاشلىغاي، ئۇنى يېمەك مەكرۇھدۇر. چىشنىڭ ئارىسىنى كۆپ كولىمىغاي، چىشنىڭ گۆشىگە زەرەر يەتكۈزمىگەي...

تائامدىن ئىلگىرى قولنى يۇغاي ۋە تائامدىن كېيىنمۇ ھەم يۇغاي. تائامدىن ئىلگىرى قولنى تۆۋەندىكى شەكىلدە يۇغاي: يەنى ئىككى تىزى بىلەن ئولتۇرغاي ۋە ئىككى بىلىكىنى ئىككى تىزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويغاي. ئاندىن كېيىن ئىككى قولىنىڭ ئۇچىنى بوغۇمىغىچە چىلاپچا ئىچىگە يۇغاي. يۇيغان قولنى چىلاپچىغا سىلكىمىگەي، سۇ فەرش ۋە كىيىمگە چاچرىمىغاي. تائامدىن كېيىن قول يۇغاندا ئاغزىنى چىلاپچىغا چاقمىغاي. قولنى يۇغاندىن كېيىن پاكىز لۆڭگىگە ئېيتقاي. «ئىسلام شەرىئىتى»دە كۆرسىتىلگەن ئەدەب شۇلكى، تائامدىن ئىلگىرى چىلاپچىنى ئوڭ قول تەرەپكە، كۆپچىلىكنىڭ كېيىنكىلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قولىنى يۇدۇرغاي، يەنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ كۆپچىلىكنىڭ قولىغا سۇ قۇيغاي. تائامدىن كېيىن ئالدى بىلەن كۆپچىلىكنىڭ چوڭلىرىنىڭ قولىغا سۇ قۇيغاي ۋە ئاندىن كېيىن ئوڭ تەرەپكە يۈرگەي. كۆپچىلىكنىڭ قولىنى يۇدۇرغاندىن كېيىن چىلاپچىنى ئوتتۇرىدا قويماي چەتكە قويغاي، ئەگەر چىلاپچا تولغان بولسا زۆرۈرىيەت ئۈچۈن خالىيراق جايدا قويغاي. سۇنى قۇيغاندا ئېھتىيات قىلغاي، فەرش ۋە كىيىملەرگە چاچرىمىغاي. ھەر قايسى كىشىنىڭ قولىغا ئۈچ قېتىم سۇ قۇيغاي، بىرىنچى قېتىمىدا ئازراق، ئىككىنچىسىدە ئۇنىڭدىن كۆپرەك، ئۈچىنچى قېتىمدا ئۈزۈلدۈرمەي قۇيغاي.

**سۇ ئىچىشتىكى ئەدەبلەر توغرىسىدا:** سۇنى ئولتۇرۇپ ئىچكەي، ئەگەر زۆرۈر بولغاندا تۇرۇپ ئىچسىمۇ بولۇر.

سۇنى ئۈچ قېتىم نەپەس ئېلىپ ئىچكەي ۋە ھەر نەپەستە قاچىنى ئاغزىدىن يىراق قىلغاي. بىرىنچى نەپەستە بىر يۇتۇم، ئىككىنچى نەپەستە ئۈچ يۇتۇم، ئۈچىنچى نەپەستە بەش يۇتۇم ئىچكەي، سۇنى بىراقلا سۈمۈرمىگەي..

سۇغا نەپەس ئۇرمىغاي...

سۇ ئىچىشتىن ئىلگىرى ئىدىشتىكى سۇغا ئالاھىدە نەزەر سالغاي، يەنى سۇغا باشقا نەرسىلەر چۈشمىگەن بولغاي ۋە ئىچكەن چاغدا ئېھتىيات قىلغاي، ئۇنىڭ تامچىلىرى فەرش ۋە كىيىمگە تامىمىغاي. ئەگەر قاراڭغۇ كېچە بولسا قاچىنىڭ لېۋىگە نېپىز لاتىنى تۇتۇپ سۇ ئىچكەي.

ئېغىز ۋە قولى مايلىق بولسا، ئۇنىڭ بىلەن كوزا ياكى ئىبرىقنىڭ سېپىنى تۇتۇپ بولغىمىغاي، ئەگەر ئۇنى تۇتۇشقا توغرا كەلسە، چىمچىلاق، نامسىز بارماق بىلەن ئۇلارنىڭ سېپىنى تۇتقاي، ئەگەر سېپى بولمىسا ئاۋۋال قولنى ۋە ئاغزىنى

پاكىز قىلىپ، ئاندىن سۇ ئىچكەي.

ئېرىقتىن ۋە كۆلدىن بېشىنى تۆۋەن قىلىپ سۇ ئىچمىگەي، بۇنىڭدا سۇ ئىچىدىكى زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ ئىچىگە (قورسىقىغا) كىرىپ كېتىش ئېھتىمالى باردۇر.

سۇنى ئۆزى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ تەرىپىدىكى كىشىگە سۇنغاي...

ساقىيغە، يەنى سۇ بەرگۈچىگە تەشەككۈر بىلدۈرگەي...

**سەپەرنىڭ پايدىلىرى توغرىسىدا:** سەپەردە بەش خىل پايدا باردۇر. بىرىنچى پايدىسى شۇلكى، غەم ۋە خاپىلىق كەتكەي.

ئىككىنچى، تىرىكچىلىك سەرمايىسى ھاسىل بولغاي.

ئۈچىنچى، بىلىملىك بولغاي.

تۆتىنچى، ئەدەبلىك ۋە ئەخلاقلىق بولغاي.

بەشىنچى، ئۇلۇغلار سۆھبەتلىرىنى تاپقاي.

بەس، ئەگەر سەپەردە ھارغىنلىق، تەنھالىق، باياۋان كەزمەكلىك ۋە قاتتىقچىلىقلارنى كۆرمەكلىك باردۇر (بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟) دەپ سوئال سورىسا، چېقىمچى ۋە ھەسەتچىلەرنىڭ ئارىسىدا تىرىك يۈرۈشتىن، ھەر قانچە جاپا ۋە مۇشەققەتلەر بولسىمۇ ئۇ ياخشىراقتۇر دەپ جاۋاب قايتۇرغاي.

**سەپەرئەھلىنىڭ ئەدەبلىرى توغرىسىدا:** سەپەر قىلغۇچى سەپەردە بىرەر ياخشى ئىشنى مەقسەت قىلغاي...

ۋەسىيەت قىلغاي، ئاتا - ئانا ۋە ئەربابلاردىن رۇخسەت سورىغاي. سەپەرگە مۇۋاپىق كۈنلەردە چىققاي... ئەگەر كىشىلەرنىڭ ھەققى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ ئاندىن سەپەرگە چىققاي ۋە يەنە ئايالى، دوستيا - ئاغىنىلىرى، ھەقەمسايىلىرى، تونۇش - بىلىشلىرى ۋە ئەربابلار بىلەن خوشلىشىپ، ئۇلاردىن تىنچ - ئامانلىق تىلىگەي...

ئەگەر كۆپ كىشى بىرگە سەپەرگە چىقسا، مەنزىلگە چۈشكەندە بىر - بىرىگە يېقىن چۈشكەيلەر، بىر مەنزىلدە جەم بولغايلەر ۋە تارقاق بولمىغايلەر.

بىر جەمەت ھەمراھ بولۇپ سەپەرگە چىققاندا ئۇلار ئىچىدە بىر ئالىمى تەقۋادار كىشى بولسا، ئۇنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلغايلەر، ئەگەر ئۇنداق كىشى بولمىسا ھۆرمەتلىكرەكىنى باشلىق قىلغايلەر ۋە باشلىققا ئەدەب شۇلكى: ھەمراھلىرىغا مېھرىبان ۋە خىزمەتكاربولغاي، ھېچقانداق خىزمەتنى ئۇلاردىن يوشۇرۇن تۇتمىغاي ۋە ئۆزى غادىيىۋېلىپ، باشقىلارنى ئىشقا بۇيرۇمىغاي.

يولدا ئاجىز، ناتونۇش كىشىلەر ھەمراھ بولسا، قۇدرىتى بار كىشىلەر يولدا قويۇپ كەتمىگەي ۋە ئۇلارغا مەدەتكارلىق قىلىپ، كارۋانغا يەتكۈزگەي. ئەگەر ئۇلار ناتونۇشلۇقتىن يولدا تۇرۇپ قالسا، ئۇلارغا يېقىنلىق قىلىپ تۇرغاي ۋە تاكى كارۋانغا ھەمراھ قىلمىغىچە تاشلاپ كەتمىگەي.

ھايۋانلارغا يۈكنى لايىقىدا ئارتقاي ۋە ئۇلارنى ئاچلىق، تەشنالىقتىن ساقلىغاي، مەنزىلگە چۈشكەندە تاكى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن يۈكنى ئالمىغىچە باشقا ئىشلارغا مەشغۇل بولمىغاي.


سەپەردىن قايتقاندا ئايالى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ ئالدىغا توساتتىن كىرمىگەي، بەلكى شەھەرگە يېقىن كەلگەندە بىر كىشىنى بۇيرۇپ ئۇلارنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويغاي...

ئايالى، بالىلىرى، قېرىنداشلىرى ۋەدوستيا - بۇرادەرلىرىگە، ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە لايىق نەرسىلەردىن سوۋغاتلار ئېلىپ كەلگەي...


---

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **تۇرسۇنمۇھەممەد ساۋۇت**




















سەنئەت غۇنچىسى    تۇردى ئىلى فوتوسى


《新疆文化》 综合性文学双月刊（维吾尔文） ...ڭ مەدەنىيىتى» (قوش ئايلىق ئومۇمىي ئەدەبىي ژۇرنال) 1991 ـ يىل 5 ـ سان

编辑：《新疆文化》编辑部・出版：新疆维吾尔自治区群众艺术馆・印刷：《新疆日报》印刷厂・发行：乌鲁木齐市邮局・订阅：各地邮局（所）・

...ڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئاممىۋىي سەنئەت
...شىر قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك
...رىسىدىن تارقىتىلدى. جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

国内统一刊号：CN 65－1073/ I
本刊代号：58－22　定价：伍角

...ت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 ـ 1073/I
...ى نومۇرى: 22 ـ 58. باھاسى 0.50 يۈەن



كۈز (ماي بوياق)

ئابلۇشۈكۈر كېرىم سىزغان